
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

1

1984



خېنەن ئۆلكىسى تەيكاڭ ناھىيىسى شەھەر ئەتراپى گۇڭشېسىدىكى لىيۇ خۇاجياڭ مەسچىتىدىكى گولىيەنفا ئاخۇن (ئوڭدىن بىرىنچى كىشى) مۇسۇلمانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگەنمەكتە.

(سۈرەتنى دۇشېڭگۇي، ۋاڭ خاۋلى تارتقان)





جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاخشىمى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلىمەكتە.

(سۈرەتنى كەي فېڭ تارتقان)

تيەنجىن شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار مەسچىتتە تەنتەنىلىك ھالدا روزا ھېيت نامىزىنى ئوقۇماقتا.

(سۈرەتنى فۇ تاۋ تارتقان)



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژۇرنال)

1

1984 - يىل

(ئومۇمىي 14 - سان)


## مۇندەرىجە


**ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى**............................ناجۇڭ ( 2 )

كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى

ئۈچۈن ھەسسە قوشايلى ............................... ئەھمەت ۋاجىدى ( 12 )

كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش دىنىي ئەقىدىگە ئۇيغۇن ...................ما ياۋخۇا ( 14 )

نەنجىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئولۇم - يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئورنى............ ( 16 )

**ئىسلام دىنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش** ..............................ما جاۋچۈن ( 19 )

تاۋخۇايۇەندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ................................ئىسا. خەن خەيچاۋ ( 27 )

ۋۇشى شەھىرىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ................... ( 29 )

"ئىتتىپاقلىق ئاخۇنى" بولغىنىم بولغان ............................ مادېڭسەي ( 30 )

ھەر مىللەت خېرىدارلىرىنىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ئاشپۇزۇل .................. يىن گۋاڭبىن ( 33 )

دوستلۇق گۈلى كۆكلۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىنماقتا ......................... لىن زېڭخې ( 35 )

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدا مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت پائالىيىتىنى قانات يايدۇر -

غانلىقىغا دائىر خەۋەرلەر.................. نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ( 37 )

چۇەنجۇ، كەيفېڭ ۋە بېنشى قاتارلىق شەھەرلەردە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى، شەندۇڭ

خېبېي، جىلىن ۋە خېبېي ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى يىغىن ئۆتكۈزدى........... ( 42 )

كالا بېقىش ئىستىقباللىق ئىش ............................... ما جۈجيې ( 44 )

بېيجىڭ جىنشفاڭ مەسچىتى رېمونت قىلىپ ئېچىلدى ..................... ۋېي يۈن ( 50 )

**ئىسلام دىنىنىڭ 3 چوڭ مەسچىتى ھەققىدە** .....................سەي شېڭفا لۇقمان ( 52 )

دۇنيا ئىسلام كېڭەشنىڭ باش كاتىپى ئىنئامۇللاخان جۇڭگونى زىيارەت قىلدى

.................................................... ۋاڭ سۇڭ ( 62 )

نىگېر ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى ............ دىڭ ۋېن ( 63 )

گېزىت خەۋىرى: ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ مۇسۇلمانلار گۆش تۇڭلىتىش ئامبىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى ................ ( 64 )

قەشقەر ھېيتكار جامەسى .................. سۈرەتنى ئەركىن تارتقان (مۇقاۋىدا)



* 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقتى *

# ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى*

نا جۇڭ

(1)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: "مەلۇم ۋاقىتتا بارغاندا، كىشىلەرنىڭ بەزىسى تەقۋادار بولۇپ قالىدۇ، بەزىسى گۇناكار بولۇپ قالىدۇ. ئاللاتائالا كىشىلەرنى گۇناكار بولۇپ قېلىشتىن ئىلىم بىلەن ساقلايدۇ."

ئىلىم — ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ — ئاساسلىرىدىن بىرى.

ئىسلام دىنى گۈللىنىشكە باشلىغان چاغدا، كىشىلەر ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بېرىلىپ كېتىپ گاڭگىراپ قالغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا مۇستەقىل — ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا مۇئامىلە قىلالماي، ئۆتكەنكىلەردىن قالغان كونا قائىدىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلار ئەقلىنى يوقاتقان، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش يوللىرى ئېتىلىپ قالغان، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە نەرسە ئېتىقاتچىلىقى ئەۋج ئېلىپ، ئىلىمنىڭ مەنبەسى قۇرۇغان، كىشىلەر تۇيۇق يولدا تىكىرقاپ قالغان، نام — مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتكەن، بالايى — ئاپەت كۆپىيىپ، جەمئىيەت تەرتىۋى قالايمىقانلىشىپ، كەڭ زېمىن جىنايەت ماكانى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ باپ — باراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز ئارىلىرىدىكى كەمسىتىشنى ئىلىم بىلەن يوقىتىدىغان توغرا يولغا باشلاشتىن ئىبارەت ئۇمۇمىي پىرىنسىپنى تۇرغۇپ چىقتى: "ئى ئىنسانلار، مەن سىلەرنى بىر ئەر ۋە بىر ئايال قىلىپ خەلق ئەتتىم، بىر بىرى بىلەن تونۇشسۇن دەپ، سىلەرنى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرگە بولدۇم، ئاراڭلاردىكى ئەڭ ھورمەتلىك كىشىلەر ئاللانىڭ نەزدىدە ئاراڭلاردىكى ئەڭ تەقۋادار كىشىلەردۇر."①

مۇشۇ پىرىنسىپقا ئاساسەن، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولۇشى، تېرە رەڭگى، تىل، يۇرت ...قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كىشىلەرنىڭ بىر بىرىنى كەمسىتىشكە سەۋەپ بولماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى كىشىلەر ئارىسىدىكى چىرىك ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرنىڭ بارلىقىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

مۇشۇ ئاساستا، ئىسلام دىنى بىلىم ئېلىشنى تەشەببۇس قىلدى، كىشىلەرنى كۆزىتىش ۋە پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى، ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇدى، كىشىلەرگە، ئەگەر مۇشۇ بارلىق بىلىملەردىن پايدىلىنىشقا سەل قارايدىغان بولساڭلار، چوقۇم تەمتىرەپلا يۈرىدىغان قۇللارغا ئايلىنىپ

---

* بۇ پىروفېسسور ناجۇڭ تەكلىپكە بىنائەن پاكىستاننىڭ ھىجرىيىنىڭ 15 — ئەسىرگە قەدەم قويغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 1981 — يىل 3 — ئاينىڭ 7 — كۈنىدىن 10 — كۈنىگىچە ئىسلام ئاباتتا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا مۇسۇلمان ئالىملار يىغىنىغا قاتناشقاندا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالا.

قالسىلەر، دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق، تەسىرلىك تىل بىلەن بايان قىلدى. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئاللاتائالانىڭ نەزدىدە، ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان گاس ۋە گاچىلاردۇر."[2] يەنە مۇنداق دېگەن: "سەن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاڭلىيالايدۇ، يا چۈشىنەلەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئۇلار توت پۇتلۇق ھايۋانلاردۇر، ھەتتا ئۇلار ھايۋانلاردىنمۇ بەكرەك يولدىن ئازغانلاردۇر."[3]

قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن سۈرىلەرنىڭ ئاخىرىدا: "سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟"، "سىلەر ئويلاپ باقمامسىلەر؟"... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنى ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىمدە "ئەلەق سۈرىسى"نىڭ بېشىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى ئۇيۇل قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت) يېزىشنى ئۆگەتتى، ئىنسان بىلمىگەن نەرسىنى ئۆگەتتى."

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىشكە ئۈندەيدۇ: "سەن كۆرمىدىڭمۇ؟ خۇدا ئاسماندىن سۇنى چۈشۈردى، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل مېۋىلەرنى چىقاردى. تاغلاردا ئاق، قىزىل ۋە ھەر خىل رەڭدىكى سىزىقلار ھەم ناھايىتى قارا تاشلار باردۇر. ئادەملەر، ھايۋانلار ۋە توت ئاياقلىق جانىۋارلارنىڭمۇ رەڭلىرى ھەر خىلدۇر. خۇدانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئالىملارلا ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. تەھقىق، ئاللا قۇدرەتلىك ۋە مەغپىرەتلىكتۇر."[4]

ئىسلام دىنى ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلغان ئىلىم نادانلىقنى يوقىتىدىغان؛ ئالەمدىكى كائىناتنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەممە بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "سىلەر ئالەمدىكى (ھەممە) نەرسىگە قاراپ بېقىڭلار!"، "ئالەمدە بىرمۇنچە بەلگىلەر باركى، ئۇلار بۇ بەلگىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، قارىماي ئۆتۈپ كېتىدۇ."[5]

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى دىققەت-نەزىرىنى ئالەمگە، ئالەمدىكى ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلارغا، ئۆسۈملۈكلەر ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىغا بۇراشقا چاقىرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى يامان ئىشلارنى قىلىشتىن، خۇراپاتلىققا ئىشىنىپ كېتىشتىن توسىدۇ، ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ بىلىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ پەرەز ۋە خام خىيالدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوچۇق جاكالايدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پەرەزگىلا ئەمەل قىلىدۇ، بىراق پەرەزنىڭ ھەقىقەت ئۈچۈن قىلچە پايدىسى يوق."[6]

كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىدىغىنى ۋە قوبۇل قىلىدىغىنى يامانلىق، نەپسانىيەتچىلىك بولماستىن، بەلكى ھەقىقى ئىلىم بولۇش كېرەك. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "سىلەردە ئىلىم بارمۇ؟ بولسا، بىزگە كۆرسىتىڭلار قېنى! سىلەر پەرەزگىلا ئەمەل قىلىسىلەر، سىلەر يالغان گەپنىلا قىلىپ يۈرىسىلەر."[7]

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئازات قىلىپ، چىرىك ئەنئەنىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىردى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئىلىم-ھېكمەت مۆمىنلەرنىڭ يوقىتىپ قويغان تۇغقىنىدۇر، ئۇنى جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدەپ تېپىشى لازىم." بۇ ھەدىستە "ئىلىم-ھېكمەت مۆمىنلەرنىڭ يوقىتىپ قويغان تۇغقىنىدۇر، مەيلى ئۇنى قانداق يەردىن تاپسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ بولۇشى كېرەك" دېگەن ھەدىس بىلەن "بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار! چۈنكى ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان

ئۇچۇن پەرزدۇر“ دىگەن ھەدىس ئۇزئارا يۇغۇرۇۋېتىلگەن.
دىمەك، بۇلار بىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى ئىكەن-
لىگىنى ئىسپاتلايدۇ.

(2)

ئىسلام دىنىنىڭ مۇشۇ پىرىنسىپىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار بارغانلا يېرىدە ئىلىم تەھسىل قىلدى. ئەرەپلەر يىراققا يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئىراق، سۇرىيە، مىسىر، مەغرىب، ئىسپانىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا... قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققى قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئىلىم-مەدەنىيىتىگە بولۇپمۇ ئىراننىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى ئېتىۋار بىلەن قارىغان. چۈنكى ئىران يۇكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. سۇرىيىلىكلەر يۇناننىڭ كوپ قىسىم مەدەنى مىراسلىرىنى ئارا-مىيە يېزىغى (قەدىمقى سۇرىيە يېزىغى)غا تەرجىمە قىلغان ۋە ئەدەسا، نەسبىن، ھەران، جىندىسا-بۇر قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ ئېچىپ، يۇنان مەدەنىيىتىنى تارقاتقان ئىدى، بۇ ھال مۇسۇلمانلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىشنى جىددى تەلەپ قىلىدىغان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلمىي ئىدىيە جەھەتتىكى مىراسلىرىنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىشقا ئىنتىلىدىغان ئارزۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۇرتكە بولدى.

ئۇمەۋىيە خاندانلىغىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئەرەپلەر سۇرىيىلىكلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلاپ، سۇرىيىلىكلەرنىڭ ئەدەسا، ئەنتاكىيە قاتارلىق جايلاردا قۇرغان مەكتەپلىرىنى كورگەن. ئاببىاسىيە خاندانلىغىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۇچۇن سىرتقا چىقىدىغان مۇسۇلمانلار كۈندىن-كۈنگە كوپەيگەن ۋە ئۇلار تىبابەتچىلىك ۋە ئاسترونومىيە كىتاپلىرىنى ئارامىيە يېزىغىدىن تەرجىمە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىران، سۇرىيە ۋە ھىندىستاننىڭ ھەر خىل ئەسەرلىرى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن، دەسلەپكى چاغلاردا، تەرجىمە خىز-مىتىنى مۇسۇلمانلار، يەھۇدىلار ۋە ناسارالار تەشكىلسىز ھالدا ئوز ئالدىغا ئېلىپ بارغان.

خەلىپە مەيمۇن ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلگە كەلگەندە، يېڭى تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، باغداتتا مەشھۇر ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى — ”ئاقىللار سارىيى“ قۇرۇلۇپ، سۇرىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئولچىمى بويىچە، قەدىمقى ئىلىملەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان. خەلىپە مەيمۇن يەنە ۋىزانتىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ۋىزانتىيە پادىشاسىدىن مەشھۇر قەدىمقى كىتاپلارنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى يىغىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

مۇسۇلمانلار كەينى-كەينىدىن يىراق جايلارغا بېرىپ، ھەم قەدىمقى كىتاپلارنى يىققان، ھەم ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئاببىاسىيە خاندانلىغى دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار يىققان قەدىمقى كىتاپلار باغداتقا توپلانغان، شۇ چاغلاردىكى باغدات ھەم ئىلىم-مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تۈگىمەس غەز-نىسىگە، ھەم ئىنسانلار ئىدىيىسىنىڭ بىپايان دېڭىزىغا ئوخشاش ئىدى.

خەلىپە مەيمۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىنغان كىتاپلارنى ئوگىنىشكە رىغبەتلەندۇرگەن، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە مەيمۇنغا ۋارىسلىق قىلغان خەلىپىلەرمۇ شۇنداق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى جايلاردىكى

تەرجىمانلار ئارقا-ئارقىدىن باغدادتقا يىغىلىپ، يۇنانچە، پارسچە، سۇرىيچە، ھىندىچە يېزىلغان نۇرغۇن قەدىمقى كىتاپلارنى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلغان. كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئومۇمى كەيپىياتقا ئايلانغان.

دىمەك، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى مەيمۇن زامانىدىن تارتىپلا ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى ئىشقا ئايلانغان، قىسقىغىنا ئىككى يۈز يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار قەدىمقى ئىلمىي ئىددىيىنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ قالغان.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئىسلام-ئەرەپچە تەرجىمە ھەركىتى ئالاھىدە تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان ھەركەت، ئۇ تارىخقا يېزىلىپ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ياۋروپانىڭ مەدىنىيەت تارىخىدا تەڭداشسىز ھەركەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

لېكىن بەزى غەرپ تارىخشۇناسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام مەدىنىيىتىگە قوشقان زور توھپىسىنى كۆچىنىڭ بېرىچە تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پارلاق مەدىنىيەتنى ياراتقانلىغىنى ئىنكار قىلدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇنلىغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشى قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مىللەتلەر ئۆز مەدىنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش جەريانىدا ئۆزئارا ئۆگىنىشى، بىر-بىرىنى تولۇقلىشى لازىم، بۇ-ئىنسانلار مەدىنىيىتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. مەدىنىيەت ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق نەرسە، ھەر بىر مىللەت باشقىلاردىن ئۆگىنىشى لازىم، شۇنىڭدەك، ھەر بىر مىللەتنىڭمۇ مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ مەدىنىيىتى بولىدۇ. تارىختا پەقەت ئۆزى ياراتماي، ساپلا سىرتتىن قوبۇل قىلغان مىللى مەدىنىيەت زادىلا بولغان ئەمەس؛ پەقەت سىرتتىن قوبۇل قىلماي، ساپلا ئۆزى ياراتقان مىللى مەدىنىيەتمۇ زادىلا بولغان ئەمەس.

مۇسۇلمانلار مەدىنىيەت جەھەتتە ھېچنەرسە ياراتمىغان دىگەن گەپكە كەلسەك، بۇ گەپ تارىخىي پاكىتقا زادىلا ئۇيغۇن ئەمەس. ئوتتۇرا ئەسىردە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىراسى ۋە ئىجادىيىتى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم-پەنلىرى، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي نەزىرىيە ۋە ئىلمىي كۆزقاراشلىرى بولغان. تەرجىمە خىزمىتى ئارقىلىق، مۇسۇلمانلار كىلاسسىك ئەسەرلەر ئۈستىدە ئىزاھلاش، شەرھىلەش، تولۇقلاش ۋە تۈزىتىشكە ئوخشاش نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ تارىخىي پاكىتلار خۇددى ئاسماندىكى كۈن بىلەن ئايغا ئوخشاش ئوپ-ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ئادىل تارىخشۇناسلار بۇنى قىلچىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ.

خۇددى بارلىق مىللەتلەر ئالدىنقىلارنىڭ ئىلىم-مەدىنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغانغا ئوخشاش، قەدىمقى يۇنان ئىلىم-بىلىملىرى ئىسلام مەدىنىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسى بولۇپلا ھىساپلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار قۇدرەتلىك ئىجادىي كۈچكە ئىگە، ئۇلار ئۆگىنىش، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالغان ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆزلىرى ئىجات ۋە كەشپ قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.

**( 3 )**

ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام مەدىنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى غايەت زور، قۇرئان بىلەن ھەدىس ئەرەپ تىلىدىكى مۇقەددەس كىتاپلاردۇر، مۇسۇلمانلار ئىسلام مەدىنىيىتىنى ئەرەپ

تىلى بىلەن تارقىتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. لېكىن، ئەرەپ تىلى بىلەن تارقىتىش جەريا-نىدا، گىرامماتىكا جەھەتتە خاتالىق يۈز بېرىشتىن خالى بولالمىغان، مۇسۇلمانلار بۇ ھال قۇرئاننى ئۇقۇش ۋە چۈشىنىشكە ناچار تەسىر كۆرسىتىپ قويۇشى مۇمكىن دېگەن ئوي بىلەن، كوچمەن چارۋىچى ئەرەپلەر رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كوچمەن چارۋىچى ئەرەپلەردىن توغرا ۋە ساپ بولغان ئەرەپ تىلىنى ئۆگەنگەن، ئارقىدىنلا قۇرئانغا ۋە ھەدىسكە، قەدىمقى زاماندىن قالغان شېئىر-قوشاقلار، كوچمەن چارۋىچىلارنىڭ تىلى...... ۋە باشقىلارغا ئاساسەن، ئەرەپ تىلى گىرامماتىكى-سىنى تەتقىق قىلىپ ۋە تۈزۈپ چىققان. مۇسۇلمانلار جاپالىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئەرەپ تىلى گىرامماتىكىسىنى تەتقىق قىلىش ھەركىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت-لەرگە ئېرىشكەن. ئەگەر قۇرئان ئاساس قىلىنمىغان بولسا، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايتتى.

تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى جەريانىدا، ئەرەپ تىلىنىڭ يېتىشمەيدىغانلىغى ئوچۇق كۆرۈلۈپ، يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى كۆپەيتىشكە توغرا كەلگەچكە، مۇسۇلمانلار نۇرغۇنلىغان ئەرەپچە يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى ياراتقان ۋە يېڭى ئىلمىي ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۇسۇ-لىنى تاپقان. مىلادى 9-ئەسىردىن ئىلگىرى، ئەرەپ تىلى پەقەت ئەدەبىي تىل ۋە شېئىر-قوشاق تىلىدىنلا ئىبارەت بولغان؛ 9-ئەسىردىن كېيىن، ئەرەپ تىلى بارا-بارا تەرەققى قىلىپ ئىلمىي تىلغا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن باغداتتا ۋە باشقا مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە شانلىق ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

ئەرەپ تىلىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئىلمىي تەتقىقات كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ، ئىسلام مەملىكەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار بارلىققا كەلگەن، ئىلمىي ئەسەرلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيگەن. ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئىراق، سۈرىيە، مىسىر، مەغرىپ، ئاندا-لۇسىيە، پېرسىيە، خۇراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان... قاتارلىق جايلارنىڭ مۇسۇلمانلىرى بار ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەينى زاماندىكى ئىنسانلار ئىستىداتىنىڭ جەۋھىرى — ئىسلام بىلىملىرى، ئىجتىمائى پەن ۋە تەبىى پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇغلانغان.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرى نەچچە ئون مىڭدىن كەم ئەمەس، يۈزلەپ ئەسەر يازغان مۇسۇلمان ئالىملىرى سامانىدەك كۆپ، مەسىلەن: تەبەرى، ئىبنى قاسىم، ئۆمەر ئىبنى ھۇسەيىن رازى، ئىبنى سىنا، سۇيۇتى... قاتارلىقلار.

مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى زور، ئۇلار يازغان تارىخ كىتاپلىرى، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر تامامەن ئىشەنچ-لىك. مۇسۇلمانلار يازغان تارىخ كىتاپلىرى، مەسىلەن، تەبەرى يازغان «پەيغەمبەرلەر ۋە پادى-شالار تارىخى»، مەسئۇدى يازغان «ئالتۇن يايلاقلار»، ئىبنى ئەسىر يازغان «مۇكەممەل تارىخ»، ئەبۇلفىدائى يازغان «ئىنسانلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئىبنى خەلدۇن يازغان «ئەرەپلەر، پارسلار ۋە بەربەرلەرنىڭ تارىخى»...دېگەنگە ئوخشاش كىتاپلار ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي تارىخىي ماتېرىياللار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلار پتولېموسنىڭ «ئەلمەجىستى» دىگەن داڭلىق جۇغراپىيىگە ئائىت ئەسىرىنى ئۇقۇشتىن ئىلگىرىلا جۇغراپىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان، بۇنىڭغا نۇرغۇن ئامىللار سەۋەپ بولغان: بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پائالىيىتى سەۋەپ بولغان. "ھەج" مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشى زورۇر بولغان پەرزدۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان، قۇدرىتى يەتكەن ئەھۋالدا، مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ، ھەج قىلىشى كېرەك. بەزىلەر تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندە ئاندىن مەككىگە بارالايتتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ يەر شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ھىساپلاپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان-دە، ئۇلاردا جۇغراپىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ئىشتىياقى تۇغۇلغان.

ئىككىنچىدىن، سودا ئىشلىرى سەۋەپ بولغان. ئەرەپ ۋە پارس مۇسۇلمان سودىگەرلىرى قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ياكى ئوكيانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىگە بارغان. ئۇلار زانگىبار ۋە شەرقىي ئافرىقا دېڭىز بويلىرىغىچە بارغان. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى يول ئۈستىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ساياھەت خاتىرىسى سۈپىتىدە يېزىپ چىقىپ، جۇغراپىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ئۈچىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن قىلغان سەپەرلىرى سەۋەپ بولغان. مۇسۇلمانلار بىلىم ئالىدىغان ئۇستاز-ئۆلىمالارنى تېپىش ۋە دوست-بۇرادەرلىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇزاق-ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى جايلارنىڭ يەر شارائىتىنى چۈشىنىش زورۇر بولغان. مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن تۈزۈپ چىققان جۇغراپىيە كىتاپلىرى ئەرەپ زېمىنلىرى تەزكىرىسىدىن، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن ئىبارەت بولغان. ھەممىدىن بۇرۇن جۇغراپىيە كىتاپلىرىنى يازغانلار ئەدىپلەر ۋە شائىرلار ئىدى، مەسىلەن، ئەسمەئى، سۇكۇنى...قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن كېيىنلا پۈتۈن ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ تەزكىرىسى يېزىپ چىقىلغان، مەسىلەن، ھەمەدانى «ئەرەپ يېرىم ئارىلى تەزكىرىسى»نى، ئەبۇئەشئەس «دېڭىز بويلىرىدىكى ئىگىزلىك ۋە تاغلىق جايلار تەزكىرىسى»نى يېزىپ چىققان......ۋاھاكازا.

سۇلەيمان تۇنجى بولۇپ شەرققە كەلگەن ئەرەپ سودىگىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، ئۇ ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن. ئۇ ئۆز ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگو ۋە ھىندىستاندا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەرەپچە ئەسىرى — «سۇلەيماننىڭ شەرققە ساياھىتى»نى يېزىپ چىققان (مىلادىنىڭ 851-يىلى).

ئەبۇزەيد بەلخى (مىلادىنىڭ 934-يىلى ۋاپات بولغان) جۇغراپىيە كىتاپلىرىنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان تۇنجى ئىسلام جۇغراپىيىشۇناسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، ئۇ «رايونلار تەزكىرىسى» دىگەن بىر كىتاپنى يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇقەددەسى (مىلادى 985-يىل)، مەسئۇدى (مىلادى 956-يىلى ۋاپات بولغان)لار ئەرەپلەرنىڭ نۇرغۇن جۇغراپىيە كىتاپلىرىنى يازغان دەسلەپكى جۇغراپىيىشۇناسلىرىدۇر. مەسئۇدى شەرەپ بىلەن ئەرەپلەرنىڭ ھېرودودى دەپ ئاتالغان ۋە ئاسىيانى كۆپ قېتىم ئارىلاپ چىققان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئالتۇن يايلاقلار» دىگەن كىتاۋى ئەڭ مەشھۇردۇر.

ياقۇت (1229-يىلى ۋاپات بولغان) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم جۇغراپىيىشۇناسىدۇر، ئۇنىڭ «يەرناملىرى لۇغىتى»دىگەن داڭلىق ئەسىرى جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن بىلىملىرىنى

ئۆز ئىچىگە ئالغان غەزىنىسىدۇر. جۇغراپىيىلىك يەر ناملىرىدىن باشقا مول تارىخىي بىلىملەر ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتاپ ئوتتۇرا ئەسىردە يېزىلغان ئىسمى جىسمىغا لايىق "قامۇس" دەپ قارالغان.

كېيىنرەك ئوتتۇرىغا چىققان ئاتاقلىق ئەرەپ ساياھەتچىسى ئىبنى بەتۇتە (1304—1376) 1325-يىلى ئۆز يۇرتى — ماراكەشنىڭ تەنجىر دېگەن يېرىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا قىلىدىغان ساياھىتىنى باشلىغان، ئۇ مىسىر، ھىجاز، ئىراق، سۇرىيە، كىچىك ئاسىيا، پېرسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا... قاتارلىق جايلارنى ئارىلىغان، كېيىن ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا كەلگەن. ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ «ئىبنى بەتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتاپنى يېزىپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق ساياھىتى داۋامىدا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇ كىتاپتا شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ تەبىي شارائىتى، كىشىلەر مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، سودا ئىشلىرى، پورت ۋە شەھەرلىرى...قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغان.

مىلادى 9-ئەسىردە، مۇسۇلمانلار جۇندىسابۇردا تۇنجى رەسەتخانىنى قۇرغان، ئۇزاق ئۆتمەي، خەلىپە مەيمۇن باغداتتا يەنە بىر رەسەتخانا قۇرۇپ، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى يولغا قويغان ۋە پتولېموسنىڭ «ئەلمەجەسسەتى» دېگەن داڭلىق ئەسىرىنى تەكشۈرۈپ، خاتا يەرلىرىگە تۈزىتىش بەرگۈزگەن.

بىرۇنى (مىلادى 973—1048) ئوتتۇرا ئەسىردە ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئىلمىنى تەتقىق قىلغان، ئەڭ چوڭقۇر ۋە كەڭ بىلىمگە ئىگە مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇنىڭ «قەدىمقى زامان يادىكارلىقلىرى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى ئاساسەن قەدىمقى زامانىدىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ يىلنامىسى تەتقىق قىلىنغان ئەسەردۇر.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ زور تۆھپىلىرىدىن بىرى ھىندى ماتېماتىكىسى ۋە رەقەمنى غەرپكە تارقاتقانلىقىدۇر. غەرپلىكلەر بۇ رەقەمنى "ئەرەپچە رەقەم" دەپ ئاتايدۇ. ھەممىدىن ئاۋال بۇ رەقەمنى قوللانغان كىشى داڭلىق مۇسۇلمان ماتېماتىكا ئالىمى خۇۋارەزمىدۇر (مىلادى 780—850-يىللار). خۇۋارەزمى قەدىمقى مىسىر ۋە ھىندىستان تەلىماتلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان ۋە يەنە ئالگېبرانى كەشىپ قىلىپ، «ئىنتېگرال ۋە تەڭلىمىنى يېشىش ئۇسۇلى» دېگەن مەشھۇر كىتاپنى يېزىپ چىققان. مىلادى 12-ئەسىردە، بۇ كىتاپ لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپادىكى داشۆلەردە ئۇزاققىچە ئېتىۋارغا ئېرىشكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ تىبابەتچىلىككە قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور، ئومەر ئىبنى ھۇسەيىن رازى مۇسۇلمانلارنىڭ تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئۇلۇغ ئەربابىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ «كىتابىل مەنسۇر» ناملىق كىتاۋى ئۇلەماس ۋە داڭلىق تىببى ئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ كىتاپ ئون قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇ تىببى جەھەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە ۋە كلىنىكا ئەمەلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ «ياۋا چېچەك ۋە قىزىل» دېگەن ماقالىسى تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئەڭ مەشھۇر ئىلمىي ماقالا ھەم تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئومەر ئىبنى ھۇسەيىن رازىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى لاتىنچىغا ۋە ياۋروپادىكى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئىبنى سىنا (مىلادى 980 — 1037) مۇسۇلمانلارنىڭ تىبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئۇمەر ئىبنى ھۇسەيىن رازىدىن باشقا يەنە بىر ئۇلۇغ ئەربابىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە داڭلىق پەيلاسوپ، تىلشۇناس ۋە شائىردۇر. ئۇ ئۇز ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى ئەرەپچە يازغان. مىلادى 12 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كوپىنچىسى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپا تىبابەتچىلىكى جەھەتتىكى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتچىلىق ئىشىدا ئۇزاققىچە مۇھىم تەسىر كورسىتىپ كەلگەن.

مۇسۇلمانلار ئىلمىي تەتقىقاتتا تەجرىبە قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇلار ماتېماتىكىنى تەبىي پەننى تەتقىق قىلىشنىڭ قورالى دەپ قارىغان. ئۇلار ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ۋە پەننى ئەسۋاپلارنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ كۈزىتىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. خىمىيە تەتقىقاتى جەھەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇتۇقى ناھايىتى زور، ئۇلار دىستىرلەش، سۇبلىماتسىيە قىلىش، ئېرىتىش، كىرىستاللاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن كەشپ قىلغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يەنە بىر زور توھپىسى قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى تارقاتقانلىقىدۇر. مىلادى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇسۇلمانلار جۇڭگولۇقلاردىن قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئۇگەنگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سەمەرقەندتە بىر قەغەز زاۋۇدى قۇرغان، ئارقىدىنلا قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىگە، كېيىن غەرپكە تارقاتقان. مىلادى 12 ـ ئەسىردىن كېيىن، قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ غەرپكە تارقىلىشى نەتىجىسىدە، غەرپنىڭ مەدەنىيىتى تەرەققى قىلىپ، ئاخىردا "ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش ھەركىتى" كېلىپ چىققان ۋە غەرپنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىدا ئۇچقاندەك تەرەققىيات بارلىققا كەلگەن. مانا بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ توھپىسىدىن ئايرىلمايدۇ.

(4)

مۇسۇلمانلار ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە كارامەت توھپىلەرنى قوشقان، غەرپنىڭ ئادىل تارىخشۇناسلىرى بۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ تەرجىمە ئىشلىرى بولمىغان بولسا، قەدىمقى ئىلىمنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇقەررەر ھالدا يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى، ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن يىل كېچىككەن بولاتتى.

ئوتتۇرا ئەسىردە، ئىسلام — ئەرەپ مەدەنىيىتى شەرقتە، ئىسپانىيەدە گۈللىنىۋاتقان چاغدا، ياۋروپا تېخى نادانلىقتا تۇرۇۋاتاتتى. كېيىنكى چاغلاردا غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان جايلار ئوتتۇرا ئەسىردە بەزى ۋەھشى فېئوداللار بېسىپ ياتقان قورغانلار ئىدى. خىرىستىيانلارنىڭ كوپىنچىسى ئۇ چاغدا دىن تارقاتقۇچى راھىبلار بولۇپ، ئۇلار چېركاۋدا يېتىۋلىپ دىنىي كىتاپلارنى كوچۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇزاق مۇددەت غەپلەتتە ياتقان ياۋروپا مىلادىنىڭ 11 ـ ، 12 ـ ئەسىرلىرىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئويغىنىشقا باشلاپ، ئەرەپلەردىن ئۇگىنىشكە تۇتۇش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسپانىيەنىڭ گۈللىنىشمۇ ياۋروپالىق ئوقۇغۇچى، كېسەل ۋە ساياھەتچىلەرنى ئىسپانىيەگە بېرىپ ئۇگىنىشكە، داۋالىنىشقا ۋە ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ياۋرو-

پالىقلار بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن. 19-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر فرانسىيە تارىخشۇناسى سەيدىيو ئۆزىنىڭ «ئەرەب تارىخى» (Sedillot: L'Histoire des Arabes) دېگەن كىتاۋىدا: "ئەرەبلەر بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىسات ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئىسپانىيىدىن ئۆتۈپ خىرىستىيانلار دۇنياسىغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئۇنىڭ تەسىرىدە ھەتتا نۇرغۇن ئىسپانلار، بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىسپانلار ئەرەب تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىپ، ئەرەبلەر بىلەن بىرلىكتە ئىسلام—ئەرەب مەدەنىيىتىگە توھپە قوشتى" دەپ يازغان ئىدى. ئىسپانلار تولېدودا بىر تەرجىمە ئىدارىسى قۇرۇپ، ئەرەبلەرنىڭ كىلاسسىك كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادى 12-ئەسىردىن باشلاپ، تولېدو ئىسلام—ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان مەنبە بولۇپ قالغان. غەرپلىكلەرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ كىلاسسىك كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشى مىلادى 12-ئەسىردىن تارتىپ 15-ئەسىرگىچە ئۈزۈلۈپ قالماي ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن.

ئۆمەر ئىبنى ھۈسەين رازى، ئەبۇ قاسىم، ئىبنى سىنا، ئىبنى رۇشد...قاتارلىق مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ياۋروپالىقلار يەنە ئەرەبلەر ئىشلىگەن تەرجىمىگە ئاساسەن، قەدىمقى يۇنان ئالىملىرىدىن ھىپوقرات، پىلاتون، ئارىستوتېل، ئارخىمېد، پتولېموس... قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى لاتىنچىغا ۋە غەرپنىڭ باشقا تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان.

مىلادى 1220-يىلى فرانسۇزلار ئىسپانىيىنىڭ غەربىي ياۋروپادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئالىملىرىنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ، موبىلدا بىر مەكتەپ قۇرغان، كېيىنچە بۇ مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ داشۆگە ئايلانغان. بۇ داشۆدە ۋە باشقا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام ئىلىملىرى ئۆتۈلگەن.

مىلادى 14-ئەسىردە، ئەرەب—ئىسلام ئىلمى ئوكسفورد داشۆسى بىلەن پارىژ داشۆسىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلگەن. تاكى يېقىنقى دەۋرگە كەلگىچە ياۋروپالىقلار ئەرەبچە قىممەتلىك كىلاسسىك كىتابلارنى نەشر قىلىشقا يەنىلا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، غەرپنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى دىنىي ئەربابلار بىلەنلا چەكلەنگەن، تەتقىق قىلغان پەنلىرى دىنىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن، كېيىنكى چاغلاردا ئاندىن ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىغا كېڭەيتىلگەن. ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تەرجىمە قىلىنغان كىلاسسىك ئەسەرلەر غەرپنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىزچىل تۈردە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

فرانسۇز ئالىم لوبون ئۆزىنىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى» دېگەن كىتاۋىدا: "15-ئەسىرگە كەلگىچە ياۋروپا ئالىملىرىدىن ئەرەب ئىلمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىرمۇ كىشى يوق." "ئۇلار ياكى ئەرەبلەردىن ئۇستاز تۇتقان، ياكى ئەرەبچە كىلاسسىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. ئەرەبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپمۇ پەننىي ئەسەرلىرى ياۋروپانىڭ ھەرقايسى داشۆلىرىدە كەڭ تۈردە ئوقۇتۇلغان ۋاقىت 500 يىلغا يېتىدۇ" دەپ يازغان. بەزى پەنلەر يېقىنقى دەۋرلەردىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئېنىق تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن. ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرى 18-ئەسىرگە كەلگىچىلىك فرانسىيە

داشۆلىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە تېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ كەلگەن. ئىبنى رۇشدىنىڭ ئەسەرلىرى 13-، 14-ئەسىرلەردىن تارتىپ فرانسىيە، ئىتالىيە...قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ داشۆلىرىدە پەلسەپە جەھەتتە پايدىلىنىدىغان مۇھىم ماتېرىيال قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە كۆرسەتكەن تەسىرى غايەت زور. ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن.

جۇڭگو خەلقى بىلەن ئەرەب خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئۇزاقتىن باشلانغان، ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ كەلگەن، بۇنىڭ ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق. ئەرەبلەر جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۇسۇلمان ئاسترونوم جامالىددىن بېيجىڭدا 7 خىل ئاسترونومىيە ئەسۋابىنى ئىجات قىلغان، يەنە ئۇ تۈزۈپ چىققان "جۇڭگوچە كالېندار" ئومۇمىي يۈزلۈك يولغا قويۇلغان، تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە نۇرغۇنلىغان يۇلتۇز ۋە يۇلتۇزلار تۈركۈمى جۇڭگودا ئەرەبچە نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئەرەب تىبابەتچىلىكىنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. مىلادى 14-ئەسىردە خىرىستىيان دۇنياسى چۇما كېسىلىگە ھېچقانداق ئامال قىلالماي، تەقدىرگە تەن بەرگەن، لېكىن ئەرەب تىببى ئالىمى ئىبنى خەتىب يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇبىلەيخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن "خەيرىيەت مەھكىمىسى" ۋە "مۇسۇلمانلار دورىخانىسى" دېگەن ئىككى داۋالاش ئورگىنىنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ پارسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «دورا كىتاۋى» مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغىچە ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلىپ كەلگەن. «دورا كىتاۋى»نىڭ بىر قىسىم باپ-بۆلۈملىرى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ھېلىغىچە ساقلانماقتا.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلام دىنى تارىختا دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. لېكىن بىز مۇسۇلمانلار ھەرگىزمۇ ئالدىنقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان-شەرىپى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىغىمىز لازىم. ھىجرىيە 15-ئەسىرگە قەدەم قويغان يېڭى دەۋردە، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇرئانغا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

---

① "سۈرە ھۇجۇرات"، 13-ئايەت.
② "سۈرە ئەنفال"، 22-ئايەت.
③ "سۈرە فۇرقان"، 44-ئايەت.
④ "سۈرە فاتىر"، 27—28-ئايەت.
⑤ "سۈرە يۈسۈف"، 105-ئايەت.
⑥ "سۈرە يۇنۇس"، 36-ئايەت.
⑦ "سۈرە ئەنئام"، 148-ئايەت.

# كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشايلى

مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
ئەھمەت ۋاجىدى

بۇ قېتىم مەن مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىقىغا كورسىتىلىپ، سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنىغا قاتناشتىم، يىغىن داۋامىدا دولەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە دولەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا مۇيەسسەر بولدۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەمنى چەكسىز شەرەپلىك ھىس قىلماقتىمەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك، مىسلىسىز جاپالىق ئىنقىلاۋىي كورەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان 3 چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇرۇنقى زۇلمەتلىك زامان كەلمەسكە كەتتى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى سىياسى جەھەتتە ئازات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ قەد كوتەردى. پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ھەر مىللەت باپ ـ باراۋەر دىگەن مىللى سىياسەتنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇردى، بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيە دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە يولغا قويدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى ھوقۇقىدىن ھەقىقى تۈردە بەھرىمەن بولدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىگىدە، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك تەشكىلاتى بولغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇردى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبەك، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 قېرىنداش مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزىم بايرىغى ئاستىدىكى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ھەم تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە كوپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كوزگە كورۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن،

جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھوكۇمەتلىرى پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە مەسچىتلەرنى ئاچقۇزۇپ ۋە رېمونت قىلدۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى، بۇنىڭدىن كەڭ مۇسۇلمانلار ئىنتايىن مەمنۇن ۋە خوشال بولدى.

جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتى پارتىيە ۋە خەلق ھوكۇمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ھەر خىل دىنىي كىتاپلارنى نەشر قىلدى، ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى، مۇسۇلمانلارنى مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېڭى ئۆستى؛ جوڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ يېتەكلىمەكتە ھەمدە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جوڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتمەكتە.

نۆۋەتتە، كەڭ مۇسۇلمانلار پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى سانائەت، زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە زامانىۋى دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئىگە، يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرقايسى سەپلەردە كۈرەش قىلماقتا. ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئىلىم-پەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كوممۇنىستىك ئىدىيە ئۇنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بۇھال بىزنىڭ ئالىجاناپ غايە، ئىدىيە، ئەخلاق، ئىنتىزامغا ئىگە بولۇشىمىز ۋە ئىنقىلاۋىي مەيدان ۋە پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز ھەمدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا يولداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋاھاكازالار. ۋەتەنپەرۋەرلىك كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش ئىدىيىسى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدە كوپ بايان قىلىنغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر" دېگەن. ئىسلام دىنى ئەزەلدىن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. 30 نەچچە يىلدىن بېرى، كەڭ مۇسۇلمانلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزىم بايرىقى ئاستىدا جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 80-يىللاردىكى 3 چوڭ ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ بىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، جۈملىدىن كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسىدۇر. يېقىندا يولداش دېڭ شياۋپىڭ

# كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش دىنىي ئەقىدىگە ئۇيغۇن

## ——مالىيەنسەن ئاخۇنۇمنىڭ ئۇلۇمى تېجەشلىك ئۆزنىتلدى

### ما ياۋخۇا

گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭ ناھىيلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى، ناھىيلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ ھەيئىتى مالىيەنسەن ئاخۇنۇم 1982-يىل 12-ئاينىڭ 13-كۈنى كېسەل بىلەن قازا تاپتى. ئاخۇنۇم ۋاپات بولۇش ئالدىدا بالا-ۋاقىلىرىغا، مەن ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندا ئۇلۇمۇمنى تېجەشلىك ئۆزنىڭلار، مېھمان چاقىرماڭلار، ھەدىيە (سوغا) ئالماڭلار، چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار، دولەتنىڭ بىرتىيىن پۇلىنىمۇ ئىشلەتمەڭلار دەپ قايتا-قايتا ۋەسىيەت قىلغان ۋە بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا ئىسلام دىنى يول قويمايدۇ، شۇنداقلا كەڭ ئاممىمۇ قارشى تۇرىدۇ، دىگەن ئىدى. ئۇنىڭ بالا-ۋاقىلىرى ئاخۇنۇمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇلۇمنى تېجەشلىك ئۆزنىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

مالىيەنسەن "يۇننەنلىك سەنيې" دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ پەزىلەتلىك ھەم بىلىملىك، ناھايىتى بىلىملىك ئالىم بولۇپ، خۇيزۇ ئاممىسى ئارىسىدا بەك ئابرۇيلۇق ئاخۇن ئىدى. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، گۇيەن، پىڭلياڭ قاتارلىق جايلاردا ئىمام بولغان، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە تىرىشچانلىق-ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئۆتكەن، ھېچقاچان نەرسە-كېرەكنى بۇزۇپ چاچمىغان. 1958-يىلدىن 1963-يىلغىچە ئۇنىڭغا ناھەق چارە كورۇلگەن بولسىمۇ، ئاقلانغاندىن كېيىن زادى ئاغرىنمىغان. ئۇ دائىم بالا-ۋاقىلىرىغا قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. بىركۈنى، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى زاۋۇدىدىكى نەرسە ئورايدىغان قەغەزدىن بىر ئاز ئېلىپ كەلگەندە، ئاخۇنۇم بۇنىڭ ھوكۇمەتنىڭ قەغىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوغلىنى قايتۇرۇپ

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم سوز قىلدى، ئۇنىڭ سوزى تەيۋەندىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلدى. بىز كەڭ مۇسۇلمانلار بۇ مۇھىم سوزنى قەتئى ھىمايە قىلىمىز.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىز ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋەتەننى سويۇش ۋە ئىتتىپاقلىشىشتىن ئىبارەت ئىسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى قەتئى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىغىنى كۈچەيتىپ، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەپ، ۋەتەننىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى بالدۇر ئورۇنلاش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە دۇنيا تېچلىغىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىمىزنى قوشىمىز.

ئاپىرىپ بەر دەپ تەنقىت قىلىپ مۇنداق دىگەن: ئىشلىگىنىڭ ئۈچۈن ھوكۇمەت مۇئاش بېرىدۇ، ئىككىنچى ھوكۇمەتنىڭ مال-مۈلكىنى ئالغۇچى بولما. ھوكۇمەتنىڭ مال-مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ھارام.

3- ئومۇمى يىغىندىن كېيىن، مىللى، دىنىي سىياسەتلەر ئەمىلىيلەشتۈرۈلدى. شىنجاڭ ئىسلامىيە ئىنستىتۇتى ئېچىلىدى.

كەنتىدىكى مەسچىت مالىيەنسەن ئاخۇننى ئىماملىققا تەكلىپ قىلدى. بۇ چاغدا، ئۇ، بىرىنچىدىن، تەبرىكلەيمىز دەپ زىياپەت ئۆتكۈزمەسلىك؛ ئىككىنچىدىن، سوغا ئالماسلىق؛ ئۈچىنچىدىن، ئويمۇ-ئويى بېرىپ فاتىھە ئوقۇماسلىقنى شەرت قىلىپ قويغان. بۇنىڭدا تېجەشلىك ئىش قىلىش، ئاممىغا ئېغىرچىلىق سالماسلىق، شەخسى مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىكنى ئاساس قىلغان. ئۇ بۇ شەرتلەر ماقۇل كۆرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن بارغان. ئۇ ئىمام بولغان مەزگىلدە، ھەرخىل مەزھەپتىكىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا جامائەتنى دائىم "ھەركىم ئۆز ئىشىنى قىلىپ، بىر بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق، بىر بىرىگە ھورمەت قىلىش" پرىنسىپى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتۈش، دولەتنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش، دىنىي ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىش، تېچ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق دولەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا چاقىرغان.

ئۇ ئادەتتە قوبۇل قىلغان ھەدىيەلەردىن تۇرمۇش راسخودى قىلىپ ئاشقىنىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەن، بىر قىسمىنى ئوزىنىڭ ئولۇملۇكى ئۈچۈن ساقلاپ قويغان. ئۇنىڭ كېيەنلىكى ئوزىنىڭ يۈرۈنقى سەللىلىرىدىن قىلىنغان.

ئۇنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، سىياسى كېڭەش ۋە ئىسلام جەمىيىتىنىڭ قانداق پائالىيىتى بولسا ۋاقتىدا قاتنىشىپ تۇرغان. ئۇنىڭ خوشنىلىرى خەنزۇ ئىدى، ئۇ ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتكەن.

ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جەسەتنى ئۇزاق توختاتماسلىق دىگەن دىنىي قائىدە بويىچە، يېرىم كۈن ئىچىدىلا يەرلىگىگە قويۇلغان. بۇ يېرىم كۈن ئىچىدە ئاخۇنۇمنىڭ بىرقانچە يېقىن تۇققانلىرىغا خەۋەر قىلغاندىن باشقا ھېچكىم تەكلىپ قىلىنمىغان. شۇنداق بولسىمۇ ئاخۇنۇمنىڭ ئامما ئىچىدە ئىناۋىتى بولغاچقا، بۇ خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تاراپ يېرىم كۈن ئىچىدە دەپنە قىلىشقا كەلگەنلەر مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئاخۇنۇم تۇرغان دادۇيدىكى بىر قىسىم ئامما ۋە كادىرلار بىلەن سوھبەتلىشىش ئارقىلىق شۇنى ئۇقتۇمكى، ئەگەر ئاخۇنۇمنىڭ نامىزى بىركۈن كېچىكتۈرۈلۈپ، جايلارغا خەۋەر قىلىنىدىغان بولسا، ئاز دىگەندىمۇ 7-8 مىڭ كىشى نامازغا داخىل بولۇشى، نامازغا داخىل بولغان ھەر بىر ئادەم بىر يۈەندىن ھەدىيە بېرىدىغان بولسا نەچچە مىڭ يۈەن پۇل يىغىلىشى مۇمكىن ئىكەن، يەنە كېلىپ مۇتلەق كوپچىلىك كىشىلەر بىر يۈەندىن كوپرەك بېرىشى مۇمكىن ئىكەن.

مالىيەنسەن ئاخۇنۇمنىڭ ئولۇمىنىڭ تېجەشلىك ئۆزتىلىشىنى بەزىلەر مېھمان چاقىرىلمىدى، ھەدىيە ئېلىنمىدى، ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىجتىمائى ئادەت جەھەتلەردىن ئېيتقاندا ئانچە مۇۋاپىق بولمىدى دەپ قارىغان، لېكىن كوپچىلىك كىشىلەر: بۇنداق قىلىش دىنىي ئەقىدىگە ئۇيغۇن، دولەت ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، بۇنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك، دەپ قارىغان.

# نەنجىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئورنى

نەنجىڭ شەھەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئورنى 1959-يىلى شىڭجۇ كوچىسى 28-نومۇرلۇق جىڭجۆي مەسچىدىدە قۇرۇلغان بولۇپ، نەنجىڭ شەھەرلىك مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىگە قارايتتى. "مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى" مەزگىلىدە، مىللى، دىنىي سىياسەتلەر "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ، خىزمەت قىلىش ئورنىمۇ نائىلاج ئىشنى توختاتقان ئىدى.

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، مىللى، دىنىي سىياسەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئەمىلىيلەشتۈرۈلدى. شەھەرلىك خەلق ھوكۇمىتىنىڭ غەمخورلۇغى بىلەن 1979-يىل 9-ئايدا، 90 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىلىپ، ئومۇمى خەلق مۇلۇكچىلىگىدىكى "نەنجىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئورنى" قۇرۇلۇشقا باشلىغان ئىدى. 1980-يىل 3-ئايغا كەلگەندە خىزمەت قىلىشقا كىرىشىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشى ۋە ماختىشىغا ئىگە بولدى.

خىزمەت قىلىش ئورنى جىڭجۆي مەسچىتىنىڭ بەزى ئۆيلىرىنى ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ، چوڭ-كىچىك بولۇپ 4 زال ياسىدى؛ ئىككى ماشىنا ئالدى، پاكىز، دىزىنفېكسىيە قىلىش شارائىتى بار مېيىت يۇيۇش ئۆيى ياسىدى، ئۆلۈم ئۇزىتىشقا كېرەكلىك جاھازلارنى، مېيىتنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرىدىغان توڭلىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ھازىرلىدى.

1981-يىل 7-ئايدا، خىزمەت قىلىش ئورنى جىڭجۆي مەسچىتىدىكى يېڭى ئورنىغا كوچۇپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

خىزمەت قىلىش ئورنى ھەممە ۋاقىت ئۆلۈم ئىگىسى ئۈچۈن باش قاتۇردى، ئۇلار ئۈچۈن ئىشلىدى، بۇ ئورۇنغا قاراشلىق زاراتكارلىق بار، كېپەن، جىنازا، دەپنە قىلىشقا كېرەكلىك خۇش پۇراق بۇيۇم، بامبۇك قاتارلىق ھەممە نەرسىلەر تەييارلانغان، بۇ ئورۇن مېيىت يۇيۇش، گور كولاش، قەۋرە قاتۇرۇش، ئابىدە ياساش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بېجىرىدۇ؛ ئۆلۈم ئىگىسى ناماز چۈشۈرۈش ۋە قۇرئان ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاخۇن تەكلىپ قىلسا، خىزمەت قىلىش ئورنى بۇ ئىشلارنىمۇ دىگەن ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىدۇ. بۇ ئىشلار ئۆلۈم ئىگىلىرىگە كوپ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى، ئېلىنىدىغان ھەقمۇ مۇۋاپىق بولدى. بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خويزۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ

دادىسى دوختۇرخانىدا سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، خىزمىتى ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇم-يېتىم ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، بەك تىت-تىت بولۇپ كېتىپ، بۇ ئورۇنغا كېلىپ ئۇقتۇرۇشقان ئىدى، بۇ ئورۇن ئۇنىڭغا جەسەتنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىشتىن دەپنە قىلىشقىچە بولغان ھەممە ئىشنى ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە بېجىرىپ بېرىمىز، راسخودى 150 يۈەنچە بولىدۇ، دىگەندىن كېيىن بۇ ئۇقتۇرغۇچى غەمدىن قۇتۇلغان ۋە چىن يۈرەكتىن رەھمەت ئېيتىپ: "ھۆكۈمەت بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەممىنى ئويلاپ قويۇپتۇ، مەن بېرىپ دادامغا ئېيتاي، ئۇ خاتىرجەم بولسۇن......" دىگەن.

خىزمەت قىلىش ئورنى ئۇلۇم-يېتىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك ھەق ئالىدىغانلىقىنى ئۈچۈق ئېلان قىلغان (قوشۇمچە جەدۋەلگە قارالسۇن)، ئەگەر ئۇلۇم ئىگىسى قاتناش قورالىنى ئۆزى ھازىرلىسا ياكى ئۆزىنىڭ يەرلىكى بولسا، ئالىدىغان ھەقنىڭ بىر قىسمىنى ئالمايدۇ.

ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، خىزمەت قىلىش ئورنى جەمى 623 كىشىنىڭ ئۇلۇمىنى ئۇزاتتى، بۇنىڭ 303ى مۇشۇ ئورۇندا، 320سى ئۇلۇم ئىگىسىنىڭ ئۆيىدە بېجىرىلدى؛ 322 كىشى ئومۇم زاراتكارلىققا، 301 كىشى شەخسى زاراتكارلىققا دەپنە قىلىندى.

ئۇلۇم-يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئورنى پايدا تېپىشنى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان كارخانا بولغاچقا، كەسپى جەھەتتە زىيان تارتقان چاغلىرىمۇ بار، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جەمى 2 مىڭ 199 يۈەن 96 فۇڭ، يەنى 1980-يىلى 1 مىڭ 380 يۈەن 74 فۇڭ، 1981-يىلى 819 يۈەن 22 فۇڭ زىيان تارتتى. بۇ پۇلنى يەرلىك ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ تولۇقلاپ بەردى. 1982-يىلغا كەلگەندە 1مىڭ 906 يۈەن 17 فۇڭ پايدا ئالدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇم-يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى مىللى سىياسەت، دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ئۇ ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنى خىزمەتتە خاتىرجەم قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي سىلىغىنى يېنىكلەتتى. ئىلگىرى ئۇلۇم-يېتىم ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى بەزىبىر شەخسلەر ئادەتتە 200 نەچچە يۈەن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئالاتتى، نەنجىڭ شەھىرىدىكى ئاتاقلىق تۇۋۇپ ياڭ شىنۇۋ ئەپەندى خوتۇنىنىڭ ئۇلۇمىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن 300 يۈەندىن كۆپ چىقىم قىلغان ئىدى (بۇ خىزمەت قىلىش ئورنى ئالىدىغان راسخوتتىن بىر ھەسسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن). شۇڭا خىزمەت قىلىش ئورنىنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ.

بۇ ئورۇن يەنە ھۆكۈمەتنىڭ شەخسلەرنىڭ ئۇلۇم-يېتىم ئىشلىرىنى كوتىرە قىلىۋېلىش ۋە كەلسە-كەلمەس جايغا دەپنە قىلىش ھەركەتلىرىنى مەنئى قىلىشقا كۈچلۈك تۈردە ماسلاشتى. بۇ "ئۇلۇم ئۇزىتىش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش" خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ پايدىلىق.

## قوشۇمچە

ئولۇم ئۇزىتىشنىڭ راسخوت ئولچىمى:

1. ئولۇم ئۇزىتىشقا خىزمەت قىلىش راسخودى 40 يۈەن.

بۇ جەسەتنى ماشىنا بىلەن يوتكەش، كىيىملىرىنى سالدۇرۇش، مېيىتنى يۇيۇش، زاراتكارلىققا ئېلىپ بېرىش، يەرلىگىدە قويۇش، كىچىك زال ۋە يوپۇق راسخودى؛ سۇ، توك راسخودى، دەپنە لازىمەتلىكلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش راسخودى قاتارلىقلارنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئولۇم ئىگىسى جەسەتنى ئوز ماشىنىسى بىلەن ئېلىپ كەلسە، 5 يۈەن كەم ئېلىنىدۇ؛ تاۋۇتنى زاراتكارلىققا ئوز ماشىنىسى بىلەن ئېلىپ چىقسا، يەنە 5 يۈەن كەم ئېلىنىدۇ.

2. ئولۇم ئوز ئويىدە ئۇزىتىلسا، بۇنىڭغا 10 يۈەن ئالىدۇ (دەپنە قوراللىرىنىڭ ئۇپراش ھەققى، خىزمەتچىلەرنىڭ ئاپتوۋوز كىراسى قوشۇپ ئېلىنىدۇ).

3. ئومۇم زاراتكارلىققا دەپنە قىلسا، گور كولاش راسخودى 55 يۈەن، تاشقارقى گور بولسا كولاش راسخودى 35 يۈەن (قەۋرە قاتۇرۇش ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

4. كېپەنلىك ئۈچۈن 25 چى رەخت بېلىتى، 10 يۈەن.

5. پۇراقلىق بويۇملارنىڭ بىر جىڭى ئۈچۈن 1.7 يۈەن (3–4 جىڭچە ئىشلىتىلىدۇ).


6. بامبوك تاختا: ئىچ گور ئۈچۈن 25–40 يۈەن؛ تاشقارقى گور ئۈچۈن 20 يۈەن[1].

7. باشقۇرۇش راسخودى ئۈچۈن تۇرلۇك راسخوتلار ئومۇمى سانىنىڭ 10 پىرسەنتى ئېلىنىدۇ.

8. يەرلىكنى ئولۇم ئىگىسى ئوزى تاپسا، يەرلىك كولاش، قەۋرە قاتۇرۇش ئىشلىرىنىمۇ ئوزى قىلىدۇ.

ئومۇمى راسخودى: تەخمىنەن 150 يۈەن.

(ماقالىنى ئولۇم - يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئورنى تەۋەتكەن)



① بەزى توپىسى بوش جايلاردا گورنىڭ گومۇرۇلۇپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن گورنىڭ ئىچ تاملىرىغا بامبۇك تاختا قويۇلىدۇ؛ بەزى جايلاردا ھەتتا ئىچ گورمۇ كولانمايدۇ. — تەھرىردىن.

# ئىسلام دىنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ما جاۋچۈن

## 1. ئىسلام دىنى ھەققىدە چۈشەنچە

ئىسلام دىنى مىلادى 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ھەممىدىن ئاۋال ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى مەككە مۇكەررىمەدە تارقىتىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ تارقالغان دىن، ئۇ بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى بىلەن بىللە دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ھازىر دۇنيا بويىچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار تەخمىنەن 800 مىليونغا يېتىدۇ. "ئىسلام" دىگەن سوز ئەرەپچە بولۇپ، مەنىسى "ئىتائەت قىلىش" يەنى ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىش دىگەن بولىدۇ. سوزنىڭ يىلتىزىدىن ئېيتقاندا، "ئىسلام" دىگەن سوز "سەلام" دىگەن سوزدىن كەلگەن؛ "سەلام" دىگەن سوزنىڭ مەنىسى "تېچلىق" دىگەن بولىدۇ، شۇڭا ئىسلام دىنى تېچلىق دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىستاتىستىك مەلۇماتقا قارىغاندا، "ئىسلام" دىگەن سوز قۇرئان كېرىمدە 8 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان (3-سۈرە، 19-ئايەت؛ 5-سۈرە، 3-ئايەت؛ 3-سۈرە، 85-ئايەت؛ 6-سۈرە، 125-ئايەت؛ 9-سۈرە، 74-ئايەت؛ 39-سۈرە، 22-ئايەت؛ 49-سۈرە، 17-ئايەت؛ 61-سۈرە، 7-ئايەت)؛ بۇنىڭ بەزىلىرىدە مەخسۇس ئاتالغۇ مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن، مەسىلەن، 3-سۈرىنىڭ 19-ئايىتىدە "ئاللانىڭ نەزدىدىكى دىن ئىسلام دىنىدۇر" دىيىلگەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئادەم مۇسۇلمان (ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلغۇچى) دىيىلىدۇ. بەزى غەرپ ئالىملىرى ئىسلام دىنىنى خاتا ھالدا "مۇھەممەتنىڭ دىنى" دەۋالىدۇ، مۇسۇلمان ئولىمالىرى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنى ئاللاتائالانىڭ دىنى بولۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللاتالانىڭ ئەلچىسى بولۇش سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى ھەممىدىن ئاۋال تارقىتىش رولىنىلا ئوينىغان.

ئىسلام ئەقىدىسى نەزىرىيە ۋە ئەمىلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. نەزىرىيە قىسمى ئېتىقات (ئىمان)نى يەنى ئاللاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتاپلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمىلىيەت قىسمى ئىسلام دىنى ئېتىقاتچىلىرى ئەمەل قىلىدىغان ساۋاپلىق ئىشلار ۋە بەش پەرزنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. "بەش پەرز" دىگەندە، شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش كوزدە

تۇتۇلىدۇ. بۇلار قىسقارتىپ "شاھادەت، ناماز، روزا، زاكات، ھەج" دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئېتىقاتقا تەقدىرنى قوشۇشنى، "بەش پەرز"گە "غازات"نى قوشۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. تۆۋەندە يەنە قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى ("شاھادەت ئېيتىش") "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، مۇھەممەت ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى" دېگەندىن ئىبارەت. بۇ قىسقىغىنا ئىككى جۈملە سۆز بولغىنى بىلەن، ئۇ ئىنتايىن چوڭقۇر دىنىي، مىللىي ۋە سىياسىي مەزمۇنلارغا ئىگە. بىرىنچىدىن، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ "بىر ئاللا"غا ئىمان كەلتۈرىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى، مۇشرىكلىككە ۋە بۇتپەرەسلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاللا كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ دۇنيادىكى ھەممە مەخلۇقاتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە تەربىيىلىگۈچىسى، مەھشەر كۈنىنىڭ ئىگىسى، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىدۇ، ناھايىتى شەپقەتلىك، ناھايىتى مېھرىۋان، ئېيتىداسى يوق، ئىنتاھاسى يوق، ئوخشىشى يوق، مەڭگۈ ھايات، ئۆزىدە مەۋجۇت، جىسمى يوق، ماكانى يوق، يوق يېرى يوق، بالا تاپقان ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، دەپ ھېساپلايدۇ. قۇرئان كېرىمدە ئاللاتائالانىڭ نامىنى 99 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان، بۇنى بىر نۇقتىغا يىغقاندا "ئاللا بىرلا" دېگەندىن ئىبارەت. مۇشرىكلىك ۋە بۇتپەرەسلىك ھوكۇم سۈرگەن جەمىيەتتە، ئاللا توغرىسىدىكى بۇ ئۇقۇم دەۋر بولگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئىككىنچىدىن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى بولۇشىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي مەنبەسى بار. چۈنكى سېمىت خەلقى (جۈملىدىن ئەسلىدە ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ياشاپ كەلگەن نۇرغۇن قەبىلىلەر) ئەنئەنىۋى يوسۇندا ھەر بىر مىللەتتىن ئاللانىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە بىردىن پەيغەمبەر چىقىپ، كىشىلەرگە "خوش خەۋەر يەتكۈزىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ" (35 ـ سۈرە، 24 ـ ئايەت) دەپ قارايتتى، لېكىن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام "ئاللانىڭ ئەلچىسى" بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى "ئاخىرقى پەيغەمبەر" يەنى "پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى" (33 ـ سۈرە، 40 ـ ئايەت) بولغان. بۇ ھال ئىسلام دىنىنىڭ سېمىت دىنلىرى (جۈملىدىن يەھۇدىي دىنى، خىرىستىيان دىنى، ھەنىف ھەركىتى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلار) ئىچىدە ھەممە دىنلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن دىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى قوشۇپ بىر قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مەدىنىدە ھاكىمىيەتكە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلىكلەرنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى قىلغان، مانا شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئىسلام دىنى تارىخى باشلانغان.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ھەممە كائىناتنى ئاللاتائالا ياراتقان، پەرىشتىلەرنىمۇ ئاللاتائالا ياراتقان، جەننەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئاللا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن، لېكىن ئۇلاردا ئىلاھىي خىسلەت بولمايدۇ، ئۇلار پەقەتلا ئاللاتائالانىڭ پەرمانلىرىنى بىجا كەلتۈرىدۇ. قۇرئان كېرىمنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى ئىش بېجىرگۈچىلىرى، پەرىشتىلەرمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە

قىلىشقا بۇيرۇلغان (2 ـ سۈرە، 34 ـ ئايەت). ئۇلار بىزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىدە جىبرىئىلغا ئەڭ يۇقىرى ئورۇن بېرىلگەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىلىرىنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن ئىكەن. ئادەتتە قۇرئان كەرىم ئاللانىڭ سۆزى، ئاللانىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق چۈشۈرگەن ئاخىرقى كىتابى دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىمۇ قەدىمقى زاماندىكى پەيغەمبەرلەردىن قالغان كىتابلارنى (مەسىلەن، تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىقلارنى) ئاللانىڭ كىتابى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن، بۇلارنىڭ بەزىلىرى يوقاپ كەتكەن، بەزىلىرى كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، پەقەت قۇرئان كەرىملا ئاللانىڭ ئەڭ مۇكەممەل بىر كىتابى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار ئەمەل قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ تەسىرلىك قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ 75 ـ سۈرىسى "قىيامەت سۈرىسى" دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدا، ئاخىر بىر كۈن دۇنيادىكى ھەممە ھاياتلىق توختايدۇ، ئومۇمى ھېساپ ئېلىش بولىدۇ، بۇ ئالەمدە ياشىغانلارنىڭ ھەممىسى "تىرىلىدۇ"، بىر يەرگە جەم قىلىنىپ ئاللاتائالانىڭ كېسىمىنى قوبۇل قىلىدۇ، مۇكاپاتلاش، جازالاش بەلگىلىنىدۇ، ياخشىلىق قىلغانلار جەننەتكە، يامانلىق قىلغانلار دوزاققا كىرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئاخىرەتكە ئىشىنىش پەيغەمبەرلەر تەلىملىرىنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ كەلگەن ئىدى، ئاللاتائالانىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنى ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئەقىدىسى قىلغان.

يۇقىرىدىكى 5 ئەقىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى، مۇشۇ 5 ئەقىدىنى قوبۇل قىلغان ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاتچىسى ھېساپلىنىدۇ. بۇ 5 ئەقىدىنى ئېتىراپ قىلغان، يەنە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە بەلگىلىگەن 5 پەرزنى ئەمەلىي ھەركىتىدە تولۇق بىجا كەلتۈرگەن ھەمدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقان ئادەم مۇسۇلمانى كامىل (تولۇق مۇسۇلمان) ھېساپلىنىدۇ.

5 پەرز مۇسۇلمانلار ئادا قىلىش شەرت بولغان دىنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: (1) شاھادەت: "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، مۇھەممەت ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى" دېيىش. بۇ ئېتىقاتنى بىلدۈرۈش (يەنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش) دېيىلىدۇ. كوپچىلىك ئالدىدا مۇشۇنى بىر قېتىم دېگەن ئادەم نامدا مۇسۇلمان ھېساپلىنىدۇ. (2) ناماز: بۇ مۇسۇلمانلار مەككە مۇكەررەمەدىكى كەئبەگە قاراپ ئىبادەت قىلىدىغان دىنىي مۇراسىم بولۇپ، كۈندە ناماز بامدات، ناماز پېشىن، نامازدىگەر، نامازشام، ناماز خۇپتەن دېگەن 5 ۋاق ناماز ئوقۇلىدۇ؛ ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدۇ؛ ھەر يىلى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ. (3) روزا: ھەر يىلى ھىجرىيەنىڭ 9 ـ ئېيىدا (رامىزان ئېيىدا) بىر ئاي روزا تۇتۇلىدۇ، ھەر كۈنى سۇبھىدىن تارتىپ كۈن پاتقانغا قەدەر يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسى ئالاقە مەنئى قىلىنىدۇ. رامىزان ئېيى قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىغان ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشقا باشلىغان ئاي. (4) زاكات: بۇ ئىسلام دىنىدىكى

دىنىي باج ھېساپلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكى مەلۇم سانغا يەتكەندە، ھەر يىلى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ نامرات مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. زاكات ئەسلىدە ئىختىيارىي بېرىلىدىغان سەدىقە ئىدى، كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرى بويىچە ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان دىنىي باجغا ئايلىنىپ قالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە زاكات بىلەن دۆلەت بېجى ئايرىلىپ، زاكات يەنە دىنىي خاراكتېردىكى ئىختىيارىي سەدىقە بولۇپ قالدى. (5) ھەج: بۇ ـ ئىسلام دىنىنىڭ بەشىنچى تۈۋرۈكى. ئىسلام دىنىدا: تېنى ساق، ئىقتىسادى يېتىشىدىغان مۇسۇلمان يول بىخەتەر بولغان شەرت ئاستىدا ئۆمرىدە كەم دېگەندە بىر قېتىم مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان مەككە مۇكەررەمەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەج مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا خاراكتېرلىق يىغىلىشى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلارچە بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. 1 مىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئىسلام تارىخىدا، ھەج-تاۋاپ بىرلىككە كېلىشنىڭ زور ئامىلى بولۇپ كەلدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تەشۋىق قىلغان 5 كە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە 5 پەرز ئىسلام دىنىنىڭ سېمىت دىنلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن دىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېز راۋاجلىنىپ دۇنيا خاراكتېرلىق دىنغا ئايلانغان ئىدى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيادا بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنى يالغۇز دىنلا بولۇپ قالماستىن، ئەينى ۋاقىتتا بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم، بىر ئىدىيەۋى سىستېما، ئىسلام دىنىنى ئاساسىي يېتەكچى ئامىل قىلغان مەدەنىيەت بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ. مەككە مەزگىلى (610 ـــ 622) دىكى قۇرئان كېرىمدە، قانۇن ـ تۈزۈم ئورنىتىش ئاساس قىلىنغان. ئىسلام دىنىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى شۇكى، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە پەن تەتقىقات روھىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر" دېگەن. ئوتتۇرا ئەسىردە، ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

"ئاللانىڭ سۆزى" دەپ ئاتالغان ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەن قۇرئان كېرىم ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم كىتاۋى؛ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بولغان ھەدىس بولسا قۇرئان كېرىمنىڭ تولۇقلىمىسى ھېساپلىنىدۇ. شەرىئەت كېيىن مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى قۇرئان كېرىم ۋە ھەدىس شەرىپكە، شۇنىڭدەك بوي سۇندۇرۇلغان جايلارنىڭ قانۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسەن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا تۈزۈپ چىققان مۇسۇلمانلار "ھەرىكىتىنىڭ مىزانى" ياكى "قانۇنى" ھېساپلىنىدۇ. شەرىئەتنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم فىقھە دېيىلىدۇ. فىقھە مەسىلىسىدىكى قاراش ئوخشاش بولمىغاچقا، نۇرغۇن مەزھەپلەر كېلىپ چىققان، بۇنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى سۈننىي مەزھىبىدىكى ھەنەفى، مالىك، شافىئى ۋە ھەنبەلى مەزھەپلىرىدىن ئىبارەت. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى فىقھە مەسىلىسىدە ھەنەفى مەزھىبىنىڭ تەشەببۇسىغا ئەمەل قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ، مەسىلەن، يېمەك ـ ئىچمەك، نىكاھ، ئۆلۈم ـ يېتىم، چارۋا ـ مال بوغۇزلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ چوڭقۇر تارىخىي، مىللىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەنبەسى بار، ئېيتايلۇق، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ماللارنىڭ گۆشى، قان، چوشقا گۆشى، "بىسمىللا" دېمەي بوغۇزلىغان جاندارلارنىڭ گۆشى قاتارلىقلارنى يېمەسلىك (2 ـ سۈرە، 173 ـ ئايەت؛ 5 ـ سۈرە، 3 ـ ئايەت؛ 6 ـ سۈرە، 145 ـ ئايەت؛ 16 ـ سۈرە، 115 ـ ئايەت)، ھاراقنى مەنئى قىلىش (2 ـ سۈرە، 219 ـ ئايەت؛ 4 ـ سۈرە، 43 ـ ئايەت؛ 5 ـ سۈرە، 90 ـ ئايەت) توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار، بۇ ئەينى چاغدا قەدىمقى ئەرەبلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىدىكى چوڭ ئىسلاھات ئىدى، كېيىنچە بىر خىل مىللىي تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان. لېكىن، "شەرت ـ شارائىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن نائىلاجلىقتىن ئاز ـ تولا يەپ تاشلىغانلار [يېيىش مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى] گۇناكار ھېساپلانمايدۇ" (2 ـ سۈرە، 173 ـ ئايەت). بۇ مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى نائىلاجلىقتىن يەپ تاشلاش مەسىلىسىنى جانلىق بىر تەرەپ قىلىش چارىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئاساسلىقى روزا ھېيت (ھىجرىيە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)، قۇربان ھېيت (ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) ۋە مەۋلۇت (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنى، ھىجرىيە 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بايرام بار. ئىسلام دىنىنىڭ مەككە مۇكەررەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەرە ۋە بەيتۇلمۇقەددەستىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مۇقەددەس جايى بار. ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى ۋە بايراملىرى بار، مەسىلەن، شىئە مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى نەجەف، كەربالا (ئىراقتا)، قۇم، مەشھەد (ئىراندا)؛ ئۇلارنىڭ بايراملىرى ئاشۇرا كۈنى (ھىجرىيە 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىمام ھۇسەيىنىنىڭ ۋاپات بولغان كۈنى)، فاتىمە بايرىمى (ھىجرىيە 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە خاتىرىلىنىدىغان كۈن) ۋاھاكازالار. باشقىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز.

## 2. دۇنيا تارىخىدىكى ئىسلام دىنى

بۇ يەردە دۇنيا ئىسلام دىنى تارىخىنى ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى، خەلىپىلەر مەزگىلىدىكى ئىسلام دىنى ۋە يېقىنقى، ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام دىنى دېگەن ئۈچ باسقۇچقا ئايرىپ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تارىخىي مەنبە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە، ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار ئارىسىدا، ئىسلام دىنى قۇملۇقتا پەيدا بولغان دېگەن قاراشلار ئېقىپ يۈردى. فرانسىيىلىك رىنان (1823—1892) "ئاللانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان"

ئىسلام دىنى ”قۇملۇقتىكى تەبىئى دىن“ دېگەن نۇقتىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، شەرقشۇناسلار، مۇھەممەت چىڭ تۇرغان ئاللانىڭ بىرلىكى، ھەممىدىن ئۇلۇغلۇقى كۆز يەتمەيدىغان ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئەرەپ قۇملۇقىنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قاراپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىكى ئىلمىي ئىزدىنىش نەتىجىلىرى بۇ سۇبيېكتىپ ھۆكۈمنى بارا-بارا مات قىلىپ قويدى.

ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى بىلەن قەدىمىي ئەرەپ تارىخىنىڭ ئۇزاق زامان تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. ئىسلام دىنى پەيدا بولغان جاي يەمەندىن سۈرىيىگە بارىدىغان كارۋانلار يولىغا جايلاشقان، ئەينى چاغدا ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلەپ تۇرغان ۋە ئەرەبىستاننىڭ شەرقى بىلەن غەربى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ مۇھىم مەركىزى بولغان مەككە شەھىرى بولۇپ، بۇ يەردە گىرەلىشىپ كەتكەن خىلمۇ-خىل ئىدىيىلەر مەۋجۇت ئىدى، مۇشرىكلىك، بۇتپەرەسلىك ئەرەپ جەمئىيىتىدە ئېغىر ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئىدىيە جەھەتتىن ئويغانغان ئەرەپلەر دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مۇشرىكلىكنى ئۆزگەرتىپ ”بىرلا خۇداغا ئىمان كەلتۈرۈش“ خاھىشىدا بولغان ئىدى، لېكىن سىرتتىن كىرگەن يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىن نارازى بولۇپ، ئەرەپ مىللىتىگە باپ كېلىدىغان تېخىمۇ يۇقۇرى ئەخلاق سەۋىيىسىگە ئىگە دىننىڭ بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى. مىلادىي 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سىرتنىڭ تاجاۋۇزى ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن سودا يولى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، مەككە مۇكەررەمە ۋە ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەردى، بۇ ھال مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنقىلاۋىنى بىۋاسىتە ئالغا سىلجىتتى. ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ يەرلىرى نەچچە ئون مىڭ يىل ئىلگىرى ناھايىتى مۇنبەت يەرلەر ئىدى، ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى تارىختا دەۋرىي خاراكتېرلىق ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىسلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ ھال ھەر خىل دىنلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بەردى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3500-يىلدىن 500-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى سېمىت ئاھالىلىرى ئارىسىدا يېرىم ئارال سىرتىدىن تۇرمۇش يولى تېپىش ئۈچۈن 4 قېتىم زور مىللىي كۆچۈش ھەرىكىتى بولغان ئىدى. سېمىت خەلقلىرى ئۇزاقتىن بېرى خەلقنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئىنجىلدا ”بىشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەر“ ئىدى، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ پەيغەمبەر ئەرەپ زېمىنىدا مەيدانغا چىقاتتى، شۇڭا كىشىلەر ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى كۈتكەن ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دەل ئاشۇنداق تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن. يېرىم ئارالدىكى ئاھالىنىڭ بەشىنچى قېتىملىق، يەنى ئاخىرقى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ھەرىكىتى مىلادىي 7-ئەسىردە ئىسلام دىنى بايرىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان، بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى چوڭقۇر

مىللى، دىنىي، ئىجتىمائى، سىياسى مەنبەگە ئىگە.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام (تەخمىنەن 570 ــ 632) ئەرەپ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھاشىم جەمەتىدىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ تۇغۇلۇشتىن ئاۋال دادىسى ئابدۇللا ئۆلۈپ كەتكەن، 6 يېشىدا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، 8 يېشىدا بوۋىسى ئۆلۈپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. بالىلىق چاغلىرىدا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيالمىغان، خەت يېزىشنىمۇ، ئوقۇشنىمۇ ئۆگەنمىگەن، خەخلەرنىڭ پادىسىنى باققان ئىدى، 12 يېشىدا تاغىسى بىلەن بىللە سۈرىيىگە سودىگەرچىلىك قىلغىلى بېرىپ، يەھۇدى دىنى ۋە خرىستىيان دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن تونۇشتى ھەمدە شۇ چاغدىكى ئەرەپ جەمىيىتى ۋە خەلقارا شارائىت ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنچە ھاسىل قىلدى، 25 يېشىدا مەككە مۇكەررەمەدىكى كاتتا سودىگەرنىڭ 40 ياشلىق تۇل خوتۇنى خەدىچەگە ياللىنىپ، سۈرىيىدە ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇردى، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن ماددى شەرت ـ شارائىتقا ۋە ئىجتىمائى ئورۇنغا ئىگە بولدى. خەدىچەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە خرىستىيان ئۆلىماسى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام «ئىنجىل»دا "بىشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەر" نىڭ ئۆزى دەپ ھوكۇم قىلدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 40 يېشىدا، رامىزان ئېيى (ئەرەپ كالىندارى بويىچە 9 ـ ئاي) نىڭ بىر كېچىسى، مەككىنىڭ يېنىدىكى ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغاندا (بۇ شۇ چاغدىكى "ھەنىف" ھەركىتىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئادىتى ئىدى)، ئاللا ـ تائالا پەرىشتە جىبرىلنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا تۇنجى ۋەھيىنى چۈشۈردى (قۇرئان كەرىم 96 ـ سۈرىنىڭ 1 ــ 5 ـ ئايەتلىرى) ۋە ئۇ پەيغەمبەر (ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبىرى) قىلىپ تەيىنلەندى؛ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىككىنچى ۋەھيى چۈشۈپ (74 ـ سۈرەنىڭ 1 ــ 7 ـ ئايەتلىرى)، ئۇ دىن تارقىتىشقا بۇيرۇلدى. ئاللانىڭ ۋەھيىسى قۇرئان كەرىم ئىدى. قۇرئان كەرىم مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تارقاتقان 23 يىل (610 ــ 632) ئىچىدە ئۇدۇللۇق چۈشۈرۈلگەن. ئۇ مەككە مۇكەررەمەدە دىن تارقاتقان 13 يىل (610 ــ 622) ئىچىدە قۇرەيش قەبىلىسىدىكى مۇشرىكلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، مىلادى 622 ـ يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئەنسارىلارنىڭ① قارشى ئېلىشى بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىپ، دىن تارقىتىش دەۋرىدىن دىنىي ئىجرا قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى (622 ــ 632). بۇ قېتىملىق ھىجرەت مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، كېيىن بۇ قېتىملىق ھىجرەت بولغان يىلى يەنى ئەرەپلەرنىڭ شەمسىيە كالىندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (مىلادى 622 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) ئىسلام دىنى ئەسرىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ بەلگىلەندى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەم پەيغەمبەرلىك، ھەم سىياسى، ھەربى يولباشچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەمىر ـ پەرمانلارنى چۈشۈ ـ

① مەدىنىلىك ساھابىلار "ئەنسارى" (ياردەم بەرگۈچى) دېيىلىدۇ. ــ تەھرىردىن.

رۇپ، مەسچىت سالدۇردى، ھەپتىنىڭ 5-كۈنىنى جۈمە كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى، ئەزان ئېيتىش تۈزۈمى ۋە بەش پەرز تۈزۈمىنى ئورناتتى، قانداشلىق ئاساسىدىكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر ئورنىغا ئورتاق ئېتىقاتنى ئاساس قىلغان مۇسۇلمانلار جامائەسىنى (ئۇممە، مەنىسى مىللەت، دولەت دىگەن بولىدۇ) قۇردى، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ئاساسىي نىزامنى ئېلان قىلدى، ھەربى قوشۇن تەشكىل قىلدى، قىبلىنى ئۆزگەرتتى (ئىلگىرى قۇددۇس شەھرىنى قاراپ ناماز ئوقۇيتتى، كېيىن مەككە مۇكەررەمەدىكى كەئبەگە قاراپ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى)، قۇرەيش ئاقسوڭەكلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلىپ، يەھۇدىيلار ۋە بەدەۋىيلەر قەبىلىسىنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇردى. مىلادى 630-يىلى مەككە مۇكەررەمەنى بوي سۇندۇرۇپ، ئۇنى دىنىي پايتەخت قىلدى، سىياسى پايتەخت بولسا مەدىنە مۇنەۋۋەرە بولۇۋەردى. مىلادى 632-يىل 3-ئايدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ، ئىسلاھ قىلىنغان ھەج-تاۋاپقا يەنى مەشھۇر "ھەججى ۋىدا" (خوشلىشىش ھەجى)غا رەھبەرلىك قىلدى. بۇ مەزگىلدە، ئۇ ئاللادىن ئاخىرقى ۋەھيىنى ئالدى: "بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە بېرىدىغان نىمىتىمنى تامامىلىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار قىلىپ تاللىدىم" (5-سۈرە، 3-ئايەت). بۇ ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈنلەي شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مىلادى 632-يىل 6-ئاينىڭ 8-كۈنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن كېزىك كېسىلى بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئىسلام دىنى ئاساسەن پۈتكۈل ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ھوكۇمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن دىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئىسلام دىنى كەڭ ئاممىنىڭ بولۇپمۇ شەرق خەلقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەچكە، پەيدىن-پەي تەرەققى قىلىپ، دۇنيادىكى يۈز مىليونلىغان خەلق ئېتىقات قىلىدىغان دىنغا ئايلاندى. ئەمما مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ھېچقاچان باشقىلاردىن ئۈستۈن سانىمىغان، خۇددى قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلغىنىدەك، ئۇ ئۆزىنى "مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم" (18-سۈرە، 110-ئايەت) دەپ ھېساپلىغان.

(داۋامى بار)

# تاۋخۇايۈەندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار

ئىسا. خەن خەيچاۋ

مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئاساسەن كەڭ شىنجاڭ زېمىنىدا ياشاپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان 10 مىللەت ئىچىدە خۇيزۇلاردىن كېيىن-ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدا ياشاۋاتقان ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى چۈشىنىدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك.

ئاتاقلىق شائىر تاۋ يۈەنمىڭنىڭ تاۋخۇايۈەنىنىڭ سۈرەتتەك چىرايلىق مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن ئەسىرى «تاۋخۇايۈەن خاتىرىسى» كىشىلەر زوقلىنىپ ئوقۇيدىغان ئەسەر بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى تاۋخۇايۈەن ئىلگىرىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى، ئۇيغۇر قېرىنداشلار بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان 6 ئەسىر مابەينىدە، ئۇلار بۇ يەردىكى خۇيزۇ ۋە خەنزۇ خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە تاۋخۇايۈەننىڭ ھەقىقى خوجايىنلىرىدىن بولۇپ قالدى، ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ جان سانى كۆپىيىپ 5 مىڭغا يېتەي دەپ قالدى، ئۇلار پۈتۈن ئولكىدىكى مۇسۇلمانلار ئاھالىسىنىڭ 7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى سەنگۈەن جيەن باشى بېگىم (ئۇيغۇر) بىر بولۇك كىشىنى باشلاپ، يولىيورۇق بويىچە شىنجاڭدىن خۇنەن تەرەپلەرگە جەڭگە بېرىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى چاڭدې رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. خۇڭۋۇنىڭ 1-يىلىدا جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى ئۇنى جىڭجۇ ئايمىغىنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەگەن. ئۇنىڭ ئوغلى بەيجۇمۇ خۇڭۋۇنىڭ 18-يىلى (1385-يىلى) دىن 21-يىلى (1388-يىلى) غىچە يولىيورۇقتا بىنائەن ئىككى قېتىم جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، چېگرىنى تېچلاندۇرغۇچى سەنگۈەن قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار نەسەبنامىسىدە: "مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا باشى مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، جاسارەت ۋە ماھارەت بىلەن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، پادىشا ئۇنى مۇكاپاتلىغان؛... ئۇنىڭغا جيەن دىگەن پەملىنى تەقدىم قىلغان، مانا بۇ جيەن پەمىلىلىكلەرنىڭ پەمىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدۇر" دەپ يېزىلغان، جيەن باشىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭمۇ تولىسى جيەن دىگەن پەملىنى قوبۇل قىلغان، ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. كېيىن جيەن باشى ئوغلى بەيجۇ بىلەن بىللە يولىيورۇققا بىنائەن يەنە غەربىي خۇنەنگە جەڭگە بېرىپ، ئاتا-بالا ئىككىلىسى جەڭدە ئۆلگەن، شۇنىڭ بىلەن پادىشا تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ فېڭشۇپىڭ دىگەن يېرىگە نەپەقە ئېتىزلىرىنى بەرگەن. چاڭدې شەھىرى شەرقىي رايونىنىڭ سىرتىدىكى خۇاڭلۇڭگاڭ دىگەن يەردە خال باشىنىڭ قەۋرىسى بار. جيەن باشى بېگىمنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۈچىنچى ئەۋلاتقىچە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ھەربىي سەركەردە بولغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى چاڭلى "چاڭجۇ، تاۋيۈەننىڭ تاغ-دەريالىرىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ جان سانى كۆپىيىپ بارغان". نوپۇسى كۆپىيىپ بارغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ يىلىغا كەلگىچە جيەن پەمىلىلىكلەر ئۈچ مىڭغا يەتكەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن، ئىلگىرىكى فېڭشۇپىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسى فېڭشۇ گۇڭشېسىنىڭ خۇيزۇ-

ئۇيغۇرلار دادۇيى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇر قېرىنداشلار باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ، دىنىي تۇرمۇش نورمال ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن ئون يىللىق مالىمانچىلىق داۋامىدا، ئۇيغۇر، خۇيزۇ مۇسۇلمانلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا پەشۋاغا ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك نەسەپنامىسى، ئۇزاق يىللىق تارىخ كىتاپلىرى، جيەن باشىنىڭ قەۋرىسى، دىنىي كىتاپلار، مەسچىتلەر، تۇرمۇش ئادەتلىرى... توت كونىغا ياتىدىغان نەرسىلەر دەپ قارىلىپ، ۋەيران قىلىۋېتىلدى. ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ۋە دىنىي سىياسەت تاۋخۇايۈەندىكى ئۇيغۇرلار يېزىسىغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېيجىڭ داشۆيىمۇ مەشھۇر تارىخشۇناس جيەن بوزەن (ئۇيغۇر) پىروفېسسورنى ئاقلىدى، بۇ خەۋەر تاۋخۇايۈەنگە يېتىپ كەلگەندە، يۇرتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خوشال بولمىغىنى قالمىدى.

تاۋخۇايۈەن ئىنتايىن گۈزەل تەبىي شارائىتقا ئىگە. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەم ئىسسىق، ئۇ يەردە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، ھەم شال، كېۋەز تېرىلىدۇ، ھەم توخۇ، ئۆدەك، بېلىق، غاز بېقىلىدۇ. ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خۇيزۇ-ئۇيغۇرلار دادۇيى كالا فېرمىسى، ئورمانچىلىق مەيدانى، بېلىقچىلىق مەيدانى، مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى ۋە ئاياغ كىيىم زاۋۇدى قاتارلىقلارنى قۇردى. يەنە مىللىي مەكتەپ قۇردى، مەكتەپتىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار 600 گە يېتىدۇ. گۇڭشې ۋە دادۇينىڭ باشلىقلىغىنى ئۆز مىللىتىدىن بولغانلار ئۈستىگە ئالدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، دىنىي جەھەتتىمۇ يېڭىلىقلار بولدى، خۇيزۇ-ئۇيغۇرلار دادۇيىدىكى 1 مىڭ 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى پۈتۈن ناھىيىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاشلا نورمال دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزمەكتە، جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، قىممەتلىك قولىيازما قۇرئاننى ئىمام ئاخۇنۇم جامائەتكە ئوقۇپ ۋە تەپسىر قىلىپ بەرمەكتە. كۆپچىلىك يېڭىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان دىنىي كىتاپلارنى ئاكتىپلىق بىلەن سېتىۋالماقتا ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىغا ئاكتىپلىق بىلەن يېزىلماقتا. نەچچە يۈز يىل مابەينىدە خۇيزۇ ۋە خەنزۇ خەلقلىرى بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلار مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە تىل جەھەتتە خۇيزۇ ۋە خەنزۇلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا ۋە ھېيت-ئايەملەردە يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ئېتىقادى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. نىكالىنىش جەھەتتە، ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان ئۆز جەمەتىدىكىلەر ئۆزئارا توي قىلىشماسلىق پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، كۆپىنچە يېقىن ئەتراپتىكى خۇيزۇلار بىلەن توي قىلىشىپ كەلدى.

بەزىلەر بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلاردىن قەدىمقى يۇرتى شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، ئۇلار: بىز بۇ بېلىق-گۈرۈچ ماكانى بولغان تاۋخۇايۈەندە نەچچە ئەسىر ياشاپ، بۇ يەردىكى خۇيزۇ ۋە خەنزۇ خەلقلىرى بىلەن چىقىشىپ قاپتۇق، بۇ يەرنىڭ تاغ-دەرياسىغا كۆڭلىمىز چۈشۈپ قاپتۇ، ھۆكۈمەت بىزگە غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ، دىنىي ئىشلىرىمىزمۇ كاپالەتكە ئىگە بولدى، شۇڭا بىزنىڭ قايتىپ كەتكۈمىز يوق، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

# ۋۇشى شەھىرىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ۋۇشى شەھىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، 17 ئاز سانلىق مىللەت بار، ئۇلارنىڭ سانى مىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار 878 نەپەر (شەھەرگە قاراشلىق ناھىيىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)؛ خۇيزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر 498 نەپەر. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇشى شەھىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 8 نەپەر ۋەكىلى بار، بۇنىڭ 5 نەپىرى خۇيزۇ، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى 4 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى خۇيزۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ياشلار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىلى ۋە ئەزالىرى ئىچىدىمۇ خۇيزۇلار بار. ھۆكۈمەت كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يەنە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ. مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە باراۋەرلىك سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىندى ۋە ئېتىبار بېرىلدى. ۋۇشى شەھەر رايونى بويىچە مۇسۇلمانلار يېمەكلىك دۇكىنى ۋە مۇسۇلمانلار قازان نېنى-پوشكال دۇكىنىدىن ئىبارەت 2 مۇسۇلمانلار يېمەكلىك دۇكىنى بار. ھەر بىر خۇيزۇ مۇسۇلمان ئايدا 2 يېرىم جىڭ كالا گۆشى، 7 سەر سۇ يېغى بىلەن تەمىنلىنىدۇ (باشقا ئاھالىلەردىن كۆپ)، روزا ھېيتتا يەنە ياغ ۋە ئۇن قوشۇپ بېرىلگەندىن باشقا، بىر كۈن دەم ئېلىش بېرىلىدۇ؛ خۇيزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاشخانا ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مۇسۇلمانلار يېمەكلىك دۇكىنىغا يېقىن جايلاشقان خەنزۇلارنىڭ گۆش دۇكىنى كۆچۈرۈۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن، مىللىي مۇناسىۋەت ياخشىلاندى ۋە قويۇقلاشتۇرۇلدى، مىللىي ئىتتىپاقلىق ئالغا سۈرۈلدى.

شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارنىڭ يەرگە دەپنە قىلىش ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، خۇيزۇلار زاراتكارلىغى ئۈچۈن يەر ئاجرىتىپ بەردى، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا كېڭەنلىك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

مەسچىت 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە تاپشۇرۇلىۋالغان ئۆي ئىجارىسىدىن 2901.26 يۈەن يىغىۋالدى ۋە ئۆي جاھازلىرى ئۈچۈن 3 مىڭ يۈەن تولۇقلىۋالدى؛ 1981-يىل 4-ئايدا، مەسچىت يەنە ھەممە ئۆيلىرىنى قايتۇرۇۋالدى ۋە رېمونت قىلدى. 1982-يىل 7-ئاينىڭ 23-كۈنى، يەنى روزا ھېيت كۈنى مەسچىت ئۆز دىنىي پائالىيىتىنى رەسمىي ھالدا ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن ماخۇدى ئاخۇننى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. 1982-يىل 12-ئايدا، ۋۇشى شەھىرىدە بىرىنچى نۆۋەتلىك ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلىپ، ۋۇشى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

ۋۇشى شەھىرىگە سەيلى-ساياھەت قىلغىلى كەلگەن مۇسۇلمانلارغا ياتاق مەسىلىسى جەھەتتە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ھەمدە "مەسچىت ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆزىنى قامداش" روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسچىتنىڭ خىراجەت

# ”ئىتتىپاقلىق ئاخۇنى“ بولغىنىم بولغان

## مادىخەسەي ئاخۇن سۆزلەپ بەرگەن، لىنشيا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى رەتلەپ چىققان

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى لىنشيا ناھىيىسى مانىسكۇ گۇڭشېسىدا ئومۇمىي يۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىندى. مەن مۇشۇ گۇڭشېدىكى جۇڭلۇ مەسچىتىدە ئاخۇن بولۇپ كەلدىم، ئامما مېنى سەممىي ھالدا: ”ئىتتىپاقلىق ئاخۇنى“ دەپ ئاتايدۇ.

جۇڭلۇ مەسچىتى تەۋەسىدە 200 نەچچە ئائىلە بار، بىر جامائەتنىڭ مەسچىتى بولۇپ، بۇ جامائەت خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، باۋئەن ۋە سالا قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە تۈرلۈك دىنىي مەزھەپتىكىلەرمۇ بار. ھەممەيلەن ئوخشاشلا مۇسۇلمان بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرى تارىخىي سەۋەبلەر ۋە 10 يىللىق مالىمانچىلىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىر بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، سالاملىشىشنىڭ ئورنىغا بىر بىرىدىن قېچىپ، ئۆز ئالدىغا ناماز ئوقۇشاتتى؛ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى بولغاندا، ئۆلگەن كىشىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، ھەتتا روزا ھېيتتىمۇ بىر بىرىنىڭكىگە پەتىگە بارمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يان كۆرەش قىلىش ـ بۇ يان كۆرەش قىلىش ئارقىسىدا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولغان ئىدى.

مەن بۇ يەرگە كېلىپ ئاخۇن بولۇپ ئالدى بىلەن يولۇققان بىر چوڭ مەسىلە قانداق قىلىپ تۈرلۈك مەزھەپ، تۈرلۈك مىللەتتىن بولغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەسىلىسى بولدى. مەن شۇنداق ئويلىدىمكى، بىز مۇسۇلمانلار مەيلى قايسى مىللەتتىن ۋە قايسى مەزھەپتىن بولمايلى، ھەممىمىز جۇڭگونىڭ

---

مەنبەسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەسچىت مېھمانخانىسىنى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق قىلىندى.

شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ مىللىي، دىنىي سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتلىرىدە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تۈردە مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دىنىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

(ماقالىنى ۋۇشى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئەۋەتكەن، تەھرىر بۆلۈمىمىز رەتلىگەن.)

پۇقراسى، ھەممىمىزگە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك قىلىدۇ، ھەممىمىز بىر خۇداغا ئېتىقاد قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيمىز، شۇ سەۋەپتىن ئارىمىزدا گۇرۇھۋازلىق كۆرۈلۈشى بولماسلىقى، ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرمۇ بولماسلىقى كېرەك، ھەممەيلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، نورمال دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

ئاشۇنداق مەقسەتتە، مەن ھەر جۈمە كۈنى ۋە ئاما بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاشنىڭ پايدىسى ۋە مۇھىملىقىنى قايتا-قايتا تەشۋىق قىلىپ تۇردۇم. بولۇپمۇ ئاممىغا قايتا-قايتا شۇنى چۈشەندۈردۈمكى، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىمىز خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىدىن بولغان، بۇنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە كىمدە-كىم ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىدىكەن ۋە ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز ئىشلارنى قىلىدىكەن، شۇ ئىسلام دىنىغا ۋە بىز بەھرىمەن بولۇۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىدۇ. بىز ھەممىمىز ئىتتىپاقلىقنى ۋە دىنىمىزنىڭ ئابروي-ئاتىغىنى كۆز قارىچۇغىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز لازىم. كۈندىلىك دىنىي تۇرمۇشتا، مەن ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادتىكى ئاما ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ بىر بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي ۋە بىر بىرىنى كەمسىتمەي، ئۆزى خالىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم؛ ئوخشاش بولمىغان مەزھەپتىكى ئاما مەسچىتكە ناماز ئوقۇغىلى كەلسە ئۇلارنىڭ ئۆز مەزھىپىنىڭ قائىدىسى بويىچە ناماز ئوقۇشىغا يول قويۇش كېرەك دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردۇم؛ قايسى مەزھەپتىكى ئاما مېنى چاقىرسا، ئوخشاشلا باردىم، ئاممىنىڭ ئىچىدە جىدەل چىقىپ قالغان بولسا، ئۆزلۈكۈمدىن بېرىپ كېلىشتۈرۈپ قويدىم، دىنغا ئالاقىدار تالاش-تارتىشنى سىياسەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇردۇم. نەچچە يىلدىن بۇيان، جۈگلۈ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇيدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە تۈرلۈك مەزھەپتىكى كىشىلەر خۇشال-خۇرام ھالدا بىرلىكتە ناماز ئوقۇپ، تىنچ-خاتىرجەملىك بىلەن دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ئىلگىرى جىدەل ماكانى دەپ ئاتالغان بۇ يەردە، بۈگۈنكى كۈندە ھەق-ناھەق ئايدىڭلاشتى، ئاما ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىنىش ۋە زىددىيەتلەر تۈگىدى، كىشىلەر ئىتتىپاقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن جامائەت مېنى "ئىتتىپاقلىق ئاخۇنى" دەپ ئاتايدىغان بولدى.

ئىتتىپاقلىقنى ئوبدان يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنىي پائالىيەتنى سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەر بويىچە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇردۇم. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، جۈگلۈ كۆكشىپىسىدىكى بىر كەنت مەكتىۋى ئوقۇشقا بارىدىغان بالىلار بولمىغانلىقتىن تاقىلىپ قالغان. بۇلتۇر مەن مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، دادۇينىڭ كەنت مەكتىۋىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم بەردىم، ئاممىنى بالىلارغا جوزا-ئورۇ-

رۇندۇقلارنى تەييارلاپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدىم، يەنە مەسچىتتە ئوقۇۋاتقان 40 نەچچە ئوسمۇر بالىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردىم. دەسلەپتە ئاممىغا بولغان ئىدىيىۋى خىزمەت ئوبدان ئىشلەنمىگەچكە، بىرنەچچە كۈن ئوتۇپلا، بىر قىسىم ئاما يەنە ئوز بالىلىرىنى مەسچىتكە ئاپىرىپ بەردى، مەن يەنە بۇ بالىلارنى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن قانچە بالا مەسچىتكە قايتىپ كەلگەن بولسا، شۇنچە بالىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردىم. مەن يۇرتىمىزدا ئىلگىرى مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئازات بولغىلى 30 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، دائىرىسى نەچچە ئون يول كېلىدىغان بىر رايوندىن بىرمۇ كادىر ۋە ئىشچى چىقىپ باقمىغانلىقى، بۇ يەردىكى كۆكشى ئەزالىرى شەھەرگە كىرسە ئەرلەر ھاجەتخانىسى بىلەن ئاياللار ھاجەتخانىسىنىمۇ ئايرىيالمايدىغانلىقىدەك مىساللار بىلەن ئاممىغا چۈشەنچە بەردىم ھەمدە باشلامچىلىق بىلەن ئۆزەمنىڭ بالىسىنى مەكتەپكە ئەۋەتتىم. ھەرتەرەپتىن خىزمەت ئىشلەش ئارقىسىدا، ھازىر مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 50 نەچچىگە يەتتى، مەن يەنە بوش ۋاقتىمدا مەكتەپكە بېرىپ بالىلارنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇردۇم. پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىش ئېيىدا، مېنىڭ تۇققانلىرىم ئالدى بىلەن تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرىنى قوللاندى، مەن يەنە دىنىي كىتاپلاردا، پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلسا "بولمايدۇ"، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغانلىق "ئىمانسىزلىق" ۋە "پاسىكىنىلىق" بولىدۇ، دەيدىغان سوزلەرنىڭ يوقلۇغىنى ئېيتىپ، ئاممىنى ئەندىشىدىن خالاس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، بىرنەچچە كۈنىنىڭ ئىچىدىلا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، بىرنەچچە "جاھىللار"مۇ تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرىنى قوللاندى.

يېقىندا، مەن يەنە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ھەيئىتى سۈپىتىدە جۇڭگو كوڭشىپىسىدىكى دىنىي زاتلارغا ئوبلاستلىق ئىسلام دىنىي زاتلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈم، 30 نەچچە مەسچىتكە بېرىپ دىنىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم.

12-قۇرۇلتاينىڭ ھوججەتلىرى ۋە يېڭى ئاساسي قانۇننى ئۆگەنگەندىن كېيىن، خۇددى بىر تاققا چىققاندەك تېخىمۇ يىراقنى كورەلەيدىغان بولدۇم. بىز دىنىي زاتلار ئاما ئۈچۈن دىنىغا دائىر ئىشلارنى ياخشى قىلىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ، تۈرلۈك فاكچىن ۋە سىياسەتلەرنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلىشىمىز، ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىشىمىز كېرەككى، كوپ سانلىقلار ئاز سانلىقلارنى باسىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز، ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادتىكى ئاما ئۈستىدە غەيۋەت قىلماسلىقىمىز ۋە ھەق-ناھەقنى دىنىي مەزھەپنىڭ تەسىرى قارشى بىلەن ئايرىماسلىقىمىز لازىم. ھازىر، پارتىيىنىڭ تىچ-ئىتتىپاق بولايلى دىگەن چاقىرىغىغا ئاۋاز قوشۇپ، "ئىتتىپاقلىق ئاخۇنى" بولۇشىمىز لازىم.

# ھەر مىللەت خېرىدارلىرىنىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ئاشپۇزۇل

## ——ئېرشىلىپۇ مۇسۇلمانلار ئاشپۇزۇلى توغرىسىدا

يىن گۇاڭئېن

خېبېي ئۆلكىسى خېجيەن ناھىيىسىنىڭ ئېرشىلىپۇ دېگەن يېرىدىكى دولەت ئىگىلىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئاشپۇزۇلى ناھىيە شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى بېيجىڭ ـ كەيفېڭ تاشيولىنىڭ غەربىي قانىتىغا جايلاشقان. 18 نەپەر مۇسۇلمان ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، ئىككى ئېغىز ئۆيى، 6 جوزىسىلا بار بۇ كىچىككىنە ئاشپۇزۇلغا خېرىدارلار ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سودىسى بەكمۇ يۈرۈشۈپ كەتكەن. بۇلتۇر ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، يېمەك ـ ئىچمەك دۇكانلىرى كۆپەيگەن، ئۆزئارا رىقابەت بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇلار خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغانلىقتىن، بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ سودىسى ئۈزلۈكسىز كاساتلاشماي، تىجارەت سوممىسى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى ۋە پايدىسى تۈز سىزىق بويىچە ئېشىپ بارغان. ھەممە بۇ ئاشپۇزۇلغا خېجيەن ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىۋى تەرىپىدىن "ئىلغار ئاشپۇزۇل" دەپ شەرەپلىك نام بېرىلگەن؛ جېڭلىسى ياڭ دۇڭلەي، ئاشپەزى ما ئېرفۇ، كۈتكۈچىسى خا يۈيلۇلار ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلانغان. يېقىندا خېبېي ئۆلكىسى ساڭجۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىسى ئۇلارغا "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ" دېگەن نام ھەم تەقدىرنامە بەرگەن.

ھەر مىللەت خېرىدارلىرىنىڭ دىتىغا ياقتۇرۇپ تاماق ئېتىپ سېتىشنى ئۇلار قىزغىن خىزمەت ئوتەشتىكى بىر مەقسىدى قىلغان. بېيجىڭ ـ كەيفېڭ تاشيولىدا يولۇچىلار ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرىدۇ. بۇ يولۇچىلار ئىچىدە ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كەلگەنلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان تامىقىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ھەر ـ قايسى جايلاردىن كەلگەن خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار يەرلىك ئالاھىدىلىكى بولغان مايلىق قاتلىما، جىڭموما، قوي گوشى مانتۇسى، چىلان قىيمىلىق سامبۇسا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېيجىڭ پېتىرمانتىسى، تيەنجىن قازان نېنى، شۇنىڭدەك گاڭپەن، جۇۋاۋا قاتارلىق 38 خىل تاماق ۋە ئون نەچچە تۈرلۈك ھەر خىل تەمدىكى سەيلەرنى قوشقان، بۇنىڭ ئىچىدە شېكەر سالغان، تۇز سالغان، ئاچچىق، چۈچمەل سەيلەر بار، بۇ سەيلەر يۇقىرى، ئوتتۇرا ھال ۋە ئەرزان باھالىق دەپ 3 خىلغا ئايرىلغان بولۇپ، خېرىدارلار خالىغىنىنى سېتىۋالىدۇ.

ئاشپۇزۇلغا كىرگەن خېرىدارلار شات ـ خورام قارشى ئېلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا داس ۋە ئىسسىق سۇ كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئاشپۇزۇلغا سائەت مۇنچىغىچە ئىشلەيمىز دېگەن تاختا ئېسىلمىغان، ئۇنىڭ ئىشىكى كېچە ـ كۈندۈز ئوچۇق. بۇ يىل ئەتىيازدا، يېرىم كېچىدە دۈڭ ـ دۈڭ قىلىپ

قېقلىغان ئىشىك ئاۋازى ئەمدىلا ئۇخلىغان خا يۈيلۈنى ئويغىتىۋەتكەن، ئەسلىدە چىنە-خۇاڭداۋ شەھىرىدىن شەندۇڭغا سەپەرگە چىققان بىر خەنزۇ شوپۇر كېچىدە بۇ يەرگە كېلىپ، ئازراق بىر نەرسە يېۋېلىپ ئاندىن ماڭماقچى بولغان. خا يۈيلۈ ئۇستام ئۇنى دۇكانغا باشلاپ، ئاۋال يۈز-كوزىنى يۇيۇشقا سۇ ئېلىپ كەلگەن، ئۇزاق ئۇتمەيلا بىر چىنە ئىسسىق سۇيۇق ئاش، ئىككى هورنان ۋە بىر تەخسە دۇفۇسەي كەلتۇرگەن. ئۇ شوپۇر بۇ ئىسسىق باسىدىغان تاماقنى يەپ بەك رازى بولغان ۋە تەسىرلەنگەن هالدا: "سىلەرنى بەك ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، مەن سىلەرنىڭ بۇ روهىڭلاردىن ئۇبدان ئۇگىنىمەن" دېگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ ئاشپۇزۇل بۇ شوپۇرنىڭ يىراقتىكى ئائىلىسى بولۇپ قالغان، ئۇ كورگەنلا ئادەمگە، سەپداشلىرىغا بۇ ئاشپۇزۇلنى تەرىپلەپ، تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كوپ هەر مىللەت خېرىدارلىرىنى جەلپ قىلغان.

خېرىدارلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن ئۇزلىرى جاپا چېكىش بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ خېرىدارلار ئۇچۇن قىزغىن خىزمەت قىلىشتىكى يەنە بىر ئالاهىدىلىكى. بىر كۇنى 3 خەنزۇ خېرىدار 3 چىنە نان چوپ ئالغان، كۇتكۇچى بۇنى ئېلىپ كەلگەندە، بۇلارنىڭ بىرسى هەمرالىرىغا: "مېنىڭ قوي گوشى يېمەيدىغانلىقىمنى بىلمەمتىڭلار؟ بۇنى نىمىشقا ئالدىڭلار؟" دېگەندە، يەنە بىرسى بوش ئاۋاز بىلەن: "ئاستا گەپ قىل، بۇ مۇسۇلمانلار ئاشپۇزۇلى بولغاندىن كېيىن قوي گوشى بىلەن تاماق ئېتىپ ساتىدۇ، بىرنىمە قىلىپ يېۋەتكىن" دېگەن. ياندا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان خا يۈيلۈ ئۇستام: "يولداشلار، سوزلىمەيلا قويۇڭلار، بۇ بىزنىڭ ئەتراپلىق ئويلىمىغانلىقىمىزدىن بولغان، باشقىدىن ئېتىپ بېرەيلى" دېگەن ۋە نان چوپنى باشقىدىن خاسلىك مېيدا ئېتىپ ئېلىپ چىققان، بۇ ئۇچۇيلەن بىر ئېغىزدىن: "سىلەر راستىلا كىشىنى رازى قىلغۇدەك ئىشلەيدىكەنسىلەر" دېگەن.

بۇ ئاشپۇزۇل هەرقايسى جايلاردىن كېلىدىغان قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، بارلىق ئاماللار بىلەن هەركىمنىڭ ئىشتاهاسىغا قاراپ ئىش قىلغان. ئۇلار تىجارەت قىلىش جەھەتتە، تاماق سېتىپ پۇل تېپىشنىلا ئەمەس، قانداق قىلىپ خېرىدارلارنى خوشال كىرىپ، رازى بولۇپ چىقىپ كېتىدىغان قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ يىل ئەتىيازنىڭ بىر كۇنى سەنشى ئولكىسىدىن كەلگەن 20 نەچچە خەنزۇ خېرىدار كىرىپ سەي هەم تاۋا نېنى بۇيرۇتقان. تاماق كەلتۇرۇلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى قول تەككۇزمىگەن، كۇتكۇچى نىمىشقا يېمەيسىلەر دەپ سورىسا، ئۇلاردىن بىرى: "بىز سەنشىلىقلار بۇنىڭغا ئامراق، بىراق ئاچچىقسۇ قويۇپ يەيمىز، گوش ئارىلاشتۇرمايمىز" دېگەن. كۇتكۇچى، يىگىرمە نەچچە تەخسە سەينى ئالماشتۇرۇش كېرەكمۇ، يوق؟ ئالماشتۇرساق ئاۋارىچىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە زىيان بولىدۇ؛ ئالماشتۇرمىساق، بۇ خېرىدارلار جەزمەن تاماق يېگەندەك بولمايدۇ، دەپ ئويلىغان-دە، پايدا-زىياننى دەڭسەپ كورۇپ، ئەسلى ئېلىپ چىققان سەينى ئېلىپ كىرىپ كېتىپ، هەر بىر ئادەمگە بىر تەخسىدىن ئۇزلىرىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ سەي ۋە بىر چىنىدىن ئاچچىقسۇ قويغان قېتىنىڭ ئېلىپ چىققان. خېرىدارلار رازى بولۇپ چىقىپ كەتكەن.

ئاشپۇزۇل باشقا يۇرتتىن كەلگەن خېرىدارلارنىلا رازى قىلىپ قالماستىن، يەرلىك خېرىدارلارنىمۇ ئۇبدان رازى قىلىدۇ. خېجىيەن

(ئاخىرى 49-بەتتە)

# دوستلۇق گۈلى كوڭۇل قويۇپ پەرۋىش قىلىنماقتا

ۋەتىنىمىزدە ھەمىشە ئەتىيازدەك تۇرىدىغان جەنۇبىي يۇننەنىنىڭ ھەممە يېرىدە، كەييۈەن شەھىرى داجۇاڭ گۇڭشېسىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار بىلەن يىزۇ، مياۋزۇلارنىڭ قېرىنداشلارچە ئىناق ئۇتتۇۋاتقانلىقى، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە بېيىۋاتقانلىقىغا دائىر تەسىرلىك ئىشلار كىشىلەر ئارىسىدا قىزغىنلىق بىلەن ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۇپ يۈرمەكتە.

## قېرىنداشلارچە مۇھەببەت

ئۆتكەن يىلىنىڭ بىر كۈنىدە، يىزۇ، مياۋزۇلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تاۋشۇ دادۈينىڭ ۋابەيبەي ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوت كېتىپ قېلىپ، 20 نەچچە ئائىلىگە تۇتىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەكلىرى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۈلگە ئايلانغان، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قاتتىق غەم-قايغۇ باسقان ئىدى. بۇ خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا، داجۇاڭ دادۈيىدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: بىز ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزماي قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، دېيىشكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار كادىر ما يىمىڭ، پىشقەدەم ئاخۇنۇم ما جەنلىننىڭ يېتەكچىلىكىدە مەسچىتكە جەم بولۇپ، ئىككى يۈزنەچچە كىشىلىك كىيىم، بەش يۈز نەچچە يۈەن نەق پۇل يىغىش قىلىپ، يىزۇ، مياۋزۇ قېرىنداشلارنىڭ قولىغا كېچىلەپ ئاپىرىپ بەرمەكچى بولغان. لېكىن شۇ كۈنى ئاخشىمى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەن. داجۇاڭدىن ۋابەيبەيگە بېرىش ئۈچۈن تاغنىڭ ئۈچى بىلەن ئاز كەم ئىككى سائەت مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇسۇلمانلار: يىزۇ، مياۋزۇ قېرىنداشلار ئاچ-يالىڭاچ قالدى، ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە مۇھتاج، ھىلىغۇ يامغۇركەن، تاش ياغسىمۇ بۇ يىغىلغان نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بېرىشىمىز لازىم، دېيىشكەن. شۇنداق قىلىپ، قاۋۇل بىرنەچچە مۇسۇلمان يىگىت پانۇس ۋە قول چىرىغىنى كوتىرىپ، يامغۇرغا قارىماي، ئاتلارنى ھەيدەپ يولغا چىقىپ، ۋابەيبەيگە كېچە سائەت 12 دىن ئاشقاندا يېتىپ بارغان. يىزۇ، مياۋزۇلار ئاممىسى يامغۇردا چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى كورۇپ ھەم ئۇلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە قاراپ قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىپ، كوزلىرىگە ياش ئالغان.

## يەكدىل بىر ئائىلە كىشىلىرى

داجۇاڭ گۇڭشېي تۇزلەڭلىكىدە ئون مىڭ مودىن ئارتۇق شاللىق يەر بولۇپ، بۇ شاللىقنىڭ 6 مىڭ موسى مۇسۇلمانلار دۈيىنىڭ، 4 مىڭ موسى يىزۇ، مياۋزۇلار دۈيىنىڭ ئىدى ۋە بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا يۇيدەيخې دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلاتتى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمىلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شاللىقلار ئائىلىلەرگە كوتىرە قىلىپ بېرىلگەن. بۇ چاغدا بەزىلەر، سۇ تالىشىپ قېلىش سەۋەبى بىلەن مىللىي ماجىرا كېلىپ چىقمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ، بۇ چاقىدىچە نەچچە ئون ئادەم سۇ تۇتاتتى، ئەمدى

مىكىلگەن ئادەم سۇ تۇتقاچقا، سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالمىغىنىنى كۆرەي، دېيىشكەن، بەزىلەر ھەتتا: "داجۋاڭدا مەھسۇلاتنى ئائىلە-لەرگە كۆتۈرە بېرىش ئىشىنى ئوبدان يولغا قويۇش ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىكى بۆلۈمى-دىن بىرنى قورماي بولمايدۇ" دېيىشكەن. نەتىجە قانداق بولغان؟ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى گۈگشې پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قايتا-قايتا كېڭىشىش ئارقىلىق، كەنتلەر بويىچە نۆۋەت بىلەن سۇ تۇتۇش ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىققان. مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان داجۋاڭ دادۇيى دەريانىڭ باش تەرىپىدە بولغاچقا، سۇ تۇتۇشقا ناھايىتى ئوڭاي ئىدى. لېكىن ئۇلار ئەھدىنامىگە ئاڭلىق ھالدا رىئايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزى-دىغان ئىشنى قىلمىغان. ئۇلار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشتا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، بىزنىڭ شالىلىقلى-رىمىز دەريانىڭ بېشىدا بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەت بىزگە كەلمىگىچە ھەرگىز سۇ تۇتمايمىز، دېيىش-كەن. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بىرمۇ كىشى ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلمىغان؛ ئەكسىچە، سۇ تۇتۇش نۆۋىتى ئۆزلىرىگە كەلگەندىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە تەۋە ئېتىزلار ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ قالغان يىزۇ، مياۋزۇلارنىڭ ئېتىزلىرىنى ئالدى بىلەن سۇغار-غان. ھەرقايسى مىللەتلەر بىر بىرىگە يول قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يىل داجۋاڭ گۈگشېسى تۈزلەڭلىكىدىكى ئون مىڭ مو شالىلىق يەرگە مايسا كۆچۈرۈش ئىشى تازا ۋاقتىدا ئورۇنلىنىپ بولغان، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق سۇ ماجىراسى تۇغۇلمىغان.

مايسا كۆچۈرۈش ئىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لۇگەن دادۇيىدىكى يىزۇ، مياۋزۇ قېرىنداشلار داجۋاڭدىكى مۇسۇلمان قېرىنداش-لارنى ئۆز كەنتىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرغان. مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇ يەرگە بارغاندا كىنو ئاپاراتى ئېلىۋېلىپ، مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن يىزۇ، مياۋزۇ قېرىنداشلارغا كىنو قويۇپ بەرگەن.

## قەلبداش بولۇپ، تېخىمۇ ئىناق ئۆتۈش

داجۋاڭ كەنتىدە جەمى مىڭ ئويلۈكتىن ئارتۇق خۇيزۇ مۇسۇلمانلار بار. ئۇزاقتىن بۇيان، ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇنى كەنتنىڭ ئايىغىدىكى لۇگەن كۆلىدىن ئېلىپ كېلەتتى، كۆپ قىسمى بولسا تاغنىڭ كەينىدىن باشلاپ كەلگەن بۇلاق سۈيىنى ئىش-لىتەتتى. بۇ بۇلاق يىزۇلار ئولتۇراقلاشقان شۇيتۇ كەنتىدىن ئۆتۈپ كېلەتتى. بىر كۈنى يىزۇ قېرىنداشلاردىن بىرى دىققەتسىزلىكتىن بۇلاق سۈيىنى بۇلغاپ قويغان. كەنتتىكىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى قاتتىق تەنقىدلىگەن. كۆپچىلىك، خۇيزۇ قېرىن-داشلار ھەممە يەردە بىزگە كۆيۈنۈۋاتسا، ياردەم قىلىۋاتسا، بىز يىزۇلار بۇنداق ئەپلەش-مىگەن ئىشلارنى قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ، دېيىشكەن. ئاخىردا ھىلىقى يىزۇ بۇرادەر خاتالىقىنى ئىقرار قىلغان. بۇ يىلدىن بۇيان، شۇيتۇ كەنتىدىكى يىزۇلار ئاممىسى ھىلىقى بۇلاقنىڭ سۈيىنى بۇلغىماسلىقنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ كەلدى. ئۇلار خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىپ، مال سويىدىغان يېرىنى سۇدىن يىراق يەرگە ئورۇنلاشتۇردى، ئادەتتە كىر-پىر يۇيسىمۇ، چېلەكتە سۇ ئېلىپ كېلىپ يۇيىدۇكى، ئۇدۇللا سۇنىڭ بويىغا بېرىپ يۇيمايدىغان

## نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدا مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەر

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى

### تۇڭشىن، لىڭۋۇ ۋە چىڭتۇڭشيا قاتارلىق ناھىيىلەردە مۇسۇلمانلار پىلانلىق تۇغۇت پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى

يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ ئەندىشىدە بولۇش ۋە ھەركىتى ئاستا بولۇشتەك جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، پىلانلىق تۇغۇت پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇۋەتكەن.

1982-يىلى، خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تۇڭشىن ناھىيىسى مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئۈستىدە ئەندىشىدە بولۇۋاتقانلىقىغا ھەممىدىن ئاۋۋال دىققەت قىلغان، شۇڭا ئۇلار ئاخۇنلارنى تەكلىپ قىلىپ كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، ناھىيە بويىچە بەزى داڭلىق ئۆلىمالار دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ، ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ۋە مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا كۆڭۈل بولۇش مەقسىدىدە دىنىي كىتابلاردىن تۇغۇتنى چەكلەشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تېپىپ چىقىپ، مۇسۇلمانلارغا تەشۋىق قىلغان ۋە تەربىيە بەرگەن ھەمدە ئالدى بىلەن ئۆز تۇغقانلىرىنى تۇغۇتنى چەكلەش ياكى بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئەندىشىدىن تېزلا خالاس بولغان. ئۆتكەن يىل قىشتىن بۇيان تۇڭشىن، لىڭۋۇ، ۋۇجۇڭ ۋە چىڭتۇڭشيا قاتارلىق ناھىيىلەردە كەينى-كەينىدىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەت-

---

بولدى. ئۇلار: بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىدىغان خۇيزۇ قېرىنداشلارنىڭ پاكىز سۇنى ئىچىشى ئۈچۈن ئۆزىمىز قانچە ئېغىرچىلىق تارتساقمۇ مەيلى، دېيىشىدۇ.

قويۇق ئالاقىلىشىش، بىللە ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدە، داجۇاڭ گۇڭشېسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش چوڭقۇرلاشتى، دوستلۇق چىڭىدى. يېقىنقى ئىككى يىل مابەينىدە، داجۇاڭ دادۇيىدىكى 50 نەچچە مۇسۇلمان يىگىت يىزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ قىزلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدى ۋە ئۇلار بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇردى.

لىن زېڭچى.

لىرىمۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ بىر ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىپ، ھۆكۈمەتكە پائال ماسلىشىپ تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. پىلانلىق تۇغۇت سىياستى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەتى ۋە تىلەك-ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولغانلىقتىن، ئۇلار ئەندىشىدىن خالاس بولغاندىن كېيىن، بىرقەدەر ئاڭلىق ھالدا ھەركەتكە كەلگەن.

1982-يىلى، تۇڭشىن ناھىيىسى بويىچە، بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار 6 مىڭ 3 كىشىگە يەتكەن؛ بازار گۇڭشېسىدىلا (ساپ خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان) تۇغۇت يېشىدىكى 700 ئايالدىن 530 ى بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان. 1983-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلانغان پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىش ئېيىنىڭ 15-كۈنىگىچە، ناھىيە بويىچە بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار 1 مىڭ 183 كىشىگە يەتكەن.

لىڭۋۇ ناھىيىسىدىكى بەيتۇگائىزى گۇڭشېسى شىنجيەن دادۇيى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بىر دۇي بولۇپ، تەشۋىقات ئېيىدا دادۇي بويىچە تۇغۇت يېشىدىكى 84 ئايالدىن 52 سى بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان، قالغانلار ئوپېراتسىيە قىلىشنى كۈتمەكتە ئىكەن، بەزىلەر تۇغۇتنى چەكلەشنىڭ باشقا تەدبىرلىرىنى قوللانغان؛ خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دۇمۇچياۋ گۇڭشېسىدا 1-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا 105 كىشى بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان.

چىڭتۇڭشيا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاخۇنلارنى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا-كەنتلەرگە بېرىپ تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرغان ھەمدە ئاخۇنلارنىڭ تۇققانلىرى باشلامچىلىق قىلغان، نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت پائالىيىتى بىرقەدەر تېز قانات يېيىپ كەتكەن. نوۋەتتە، خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شياكۇ گۇڭشېسىدا تۇغۇت يېشىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئايال بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ياكى تۇغۇتتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى قوللانغان.

جەنۇپتىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان لۇڭدې ناھىيىسىنىڭ جاڭچېڭ گۇڭشېسى ۋە ياڭخې گۇڭشېسىغا ئاساسەن خۇيزۇلار جايلاشقان. 10 نەپەر ئاخۇن ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق ۋە سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ قىز ۋە كېلىنلىرى باشلامچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، 1982-يىلى بۇ ئىككى گۇڭشېدا بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار ياكى تۇغۇتنى چەكلەش تەدبىرىنى قوللانغانلار 300 نەچچىگە يەتكەن.

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

— مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانداق قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 1983-يىل 2-ئاينىڭ 8-كۈنى، يىنچۈەن شەھىرىدە دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇ-

روُش مەسىلىسى ئۈستىدە سوھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانداق قىلىپ كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىنغا يىنچۇەن ۋىلايىتىدىكى خۇيزۇ ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون، شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 50 نەچچە كىشى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇ يىلەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشقانلارغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق ئاخۇنلارنىڭ بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشى ئارقىسىدا تاللاپ تۈزۈلگەن ئىسلام دىنىي كىتابلىرىدىكى نوپۇس مەسىلىسى، تۇغۇتنى ساقلىنىش ۋە سۈنئىي بالا چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى بايانلارنى، ئىسلام مەملىكەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار كۆپرەك بولغان مەملىكەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتىكى ئەھۋاللىرى ۋە شۇنىڭغا دائىر ماتېرىياللارنى تونۇشتۇردى، يەنە خۇيزۇ خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە "مۇۋاپىق تۇردە كەڭ بولۇش" دېگەن بەلگىلىمىسىنى توغرا چۈشىنىشىنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى بىر بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇرۇن بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئاستا بولغان، ھەتتا نوپۇسى كېمىيىپ كەتكەن، خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى بولسا ئىنچىكە تۇردە كۆپىيىپ كەلدى، ئۇنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىي جەھەتتىن خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. يېقىنقى 30 نەچچە يىلدىن بېرى، خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. خۇيزۇلارنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، خۇيزۇ خەلقى ئۆز نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئاڭلىق تىزگىنلەشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق.

سوھبەت يىغىنىغا قاتناشقان ھەر ساھەدىكى زاتلار قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى. يىنچۇەن شەھەر ئەتراپى رايونىدىن كەلگەن بىرنەچچە ئاخۇن ئۆز سۆزلىرىدە، دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى بىردەك ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە تۇغۇتنى چەكلەشنىڭ دىنىي كىتابلاردا ئاساسى بار دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ھەدىستىن "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر" دېگەن نەقىلنى كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ ئەمىر-پەرمان ۋە سىياسەتلىرىگە بويسۇنۇشى لازىملىقىنى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى قەتئىي تۈردە ئىنچىكە ئىجرا قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. بەزى ئاخۇنلار ئۆز تۇققانلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ تۇغۇتنى چەكلىگەنلىكىگە ۋە تۇغۇتنى توختاتقانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇت-

قوچىسى، تۇڭشىن ناھىيىسى يۇيۇاڭ گوڭشېسىدىكى ماشاڭۇۋ ئاخۇن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تۇڭشىن ناھىيىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئەھۋالى ۋە جەريانىنى يەنى دەسلەپتە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئەندىشىدە بولۇپ، ھەتتا ئاخۇنلارغا، بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان ئاياللار ئەتكەن تاماقنى يېيىشكە بولامدۇ، يوق؟ ئەرلەر بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغاندىن كېيىن مەسچىتكە كىرىشكە بولامدۇ، يوق؟ دېگەن سوئاللارنى قويغانلىقىنى؛ بۇنىڭغا بەزى بىلىملىك ئاخۇنلار بولىدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى ھەمدە دىني كىتاپلاردىن تۇغۇتتىن ساقلىنىش ۋە سۇنئي بالا چۈشۈرۈشنىڭ ئاساسىنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ئاساسلارنى نۇرغۇن ئاخۇنلار مۇھاكىمە قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ دىني جەھەتتىكى ئەندىشىدىن خالاس بولغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمانلار ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن، ئاساسلىقى ئاياللار يالىڭاچلاپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلغان. كېيىن ئۇلار ئوپېراتسىيە قىلىش ۋاقتىدا بەدەنىنىڭ پۈتۈنلەي ئاق رەخت بىلەن ئورۇلىدىغانلىقى ۋە ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان يەردىن بىر كىچىككىنە يەرلا ئوچۇق قالدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى پۈتۈنلەي تۈگىگەن. ھازىر مۇسۇلمانلار كەينى-كەينىدىن بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلدۇرغانلار ھەر كۈنى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تۇڭشىن ناھىيىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە بىر يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن.

بەزى يولداشلار ئۆز سۆزلىرىدە، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ تۈگۈنى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئاممىغا چۈشەندۈرۈپ، مەسىلىنى ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇلار قايىل قىلارلىق كۈچكە ئىگە بولغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كۆپرەك چىقىرىشنى تەكلىپ قىلىشتى.

ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، يۈڭنىڭ ناھىيىسى ياڭخې دادۇيىدىن كەلگەن ياڭ جىڭجۇڭ ئاخۇن ئۆز سۆزىدە يېقىن تۇققانلار ئارا نىكاھلىنىشنىڭ زىيىنىنى سۆزلىدى. ئۇ تۇرغان يەر خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، بۇ يەردە ئىلگىرى يېقىن تۇققانلار ئۆزئارا نىكاھلانغانلار كۆپ ئىكەن، ئۇلارنىڭ بالىلىرى، كۆپىنچە، جىسمانى جەھەتتە كەمتۈك تۇغۇلىدىكەن ياكى ئىرسىيەتلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بىر يېقىن تۇققىنىغا تەككەنلىكى ئۈچۈن ئىككى گاچا بالا تۇغۇپ، ئائىلىسىگە ۋە بالىلىرىغا بەختسىزلىك كەلتۈرۈپتۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما تېڭئەي يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: رايونىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلاردا بىر ئائىلىدە 5-6 بالا بولۇش خېلى ئومۇمى يۈزلۈك ئەھۋال. كەمبە-

غەل بولغانسېرى بالا كوپ تۇغۇلۇۋاتىدۇ، بالا كوپ تۇغۇلغانسېرى تېخىمۇ نامراتلىشىدىغان گەپ، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا خۇيزۇ خەلقىنىڭ كەمبەغەللىك ۋە قالاقلىق هالىتىنى ئۆزگەرتىش ناھايىتى تەس بولىدۇ. ئۇ يەنە ساغلام بالا تۇغۇش، بالىنى ساغلام يېتىشتۈرۈش كېرەك، يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاللىنىشقا زادى بولمايدۇ، بولمىسا ساراڭلار ۋە غەيرى تەبىي تۇغۇلغانلار كوپ بولىدۇ، بۇ هال خۇيزۇ مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز، شۇڭا ئائىلىنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. ئۇ يىغىنغا قاتناشقان ئاخۇنلارنى مۇسۇلمانلارغا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەممەيلەننى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا ئائىتلىق تۇردە كوڭۇل بولىدىغان قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت پائالىيىتىنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاقىچە قانات يايدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتى «مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىگە دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈپ باستى

پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت دولەتنىڭ توپ سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر ۋە ئۇزاقىچە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتى رايونىمىزدىكى بەزى ئاتاقلىق ئاخۇنلار ئىسلام دىنىي كىتابلىرىدىن تاللىغان پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىگە دائىر بايانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ھوججەت ـ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، «مۇسۇلمانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىگە دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»نى تۈزۈپ باستى. بۇ كىتابچىنىڭ بىرىنچى قىسمىغا «رۇھۇلبايان»، «شامى»، «مشكات شېرىف»، «ئەللۇئلۇئۇ ۋەلمەرجان»، «شەرھى ۋىقايە» قاتارلىق كىتاپلاردىن پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر نەزىرىيىۋى ئاساسلار تاللاپ تەرجىمە قىلىنىپ كىرگۈزۈلدى (ئەرەپچە قوشۇمچە قىلىندى)؛ ئىككىنچى قىسمىدا ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەققىدىكى سىياسەت ھەم تەدبىرلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

بۇ كىتابچە 4 ـ ئايدا بېسىلىپ، رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەسچىت ۋە يېزا ئىشلەپچىقىرىش دادۈيلىرىگە پايدىلىنىش ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلدى.

# چۇەنجۇ، كەيفېڭ ۋە بېنشى قاتارلىق شەھەرلەردە ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلدى

# شەندۇڭ، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن ۋە خېبېي ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيەتلىرى يىغىن ئۆتكۈزدى

ژۇرنىلىمىز 1983 ـ يىلدىن بۇيان، جايلاردا ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغانلىقى ۋە ئىسلام جەمىيىتى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كەينى-كەينىدىن تاپشۇرۇۋالدى، ئۇلارنى قىسقارتىپ تۆۋەندىكىچە خەۋەر قىلىمىز:

ئابدۇللانىڭ خەۋەر قىلىشىچە، فۇجيەن ئۆلكىسى چۇەنجۇ شەھىرىدە 3 ـ ئاينىڭ 14 — 15 ـ كۈنلىرى شەھەر بويىچە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن، يىغىنغا 70 نەچچە ۋەكىل قاتناشقان، يىغىندا خۇاڭ چيۇرۇنى مۇدىر ۋە ما خەنيۇننى مۇئاۋىن مۇدىر قىلغان ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلانغان، بۇنىڭ بىلەن چۇەنجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتى رەسمىي قۇرۇلغان.

* * *

چى جىڭگونىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ شەھىرىدە 7 ـ ئاينىڭ 21 — 23 ـ كۈنلىرى شەھەرلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام دىنى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلگەن. قۇرۇلتايدا جۇ فاشياڭنى مۇدىر، تيې زېڭۋېن ۋە دەن پېڭجۈينى مۇئاۋىن مۇدىر قىلغان شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلانغان، شۇنىڭ بىلەن كەيفېڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتى رەسمىي قۇرۇلغان.

* * *

لىي باۋچۈن ۋە جاۋ يۈچېڭنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، لياۋنىڭ ئۆلكىسى بېنشى شەھىرىدە 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 1 ـ نۆۋەتلىك مۇسۇلمانلار ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن، يىغىندا ھەر قايسى سەپتىن كەلگەن 120 نەچچە ۋەكىل لى چىڭيۈن ئاخۇننى مۇدىر قىلغان شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلىغان، بۇنىڭ بىلەن بېنشى شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتى رەسمىي قۇرۇلغان.

* * *

چاۋچېنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتى 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە جىنەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىندا جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 ـ سانلىق يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلگەن، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلادى بېرىلگەن، 4 نەپەر دائىمى ھەيئەت تولۇقلاپ سايلانغان؛ ئاساسىي قانۇن ۋە دىنىي سىياسەتنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، «شەندۇڭ ئۆلكىسى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى» مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلغان، "شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام

دىنىغا دائىر مەدىنىيەت ـ تارىخ ماتىرىياللىرى تەتقىقاتى كومىتېتى" قۇرۇلغان.

* * *

ياڭ گوىمىڭ ۋە جاڭ كەيفېڭنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتى 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە خاربىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ ھەيئىتى دىڭ گودۇڭ "سۈرە فاتىھە"نى قىرائەت قىلغان، جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى دىڭ خۇيمىن جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزگەن، ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى جيەنبەي، ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى باتۇر ۋە ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جىن خېيوەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھازىرقى ۋەزىيەت، مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەت توغرىسىدا دوكلات بەرگەن. ھەيئەتلەر بۇ دوكلاتلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، خىزمەتكە بولغان ئىشەنچىنى چىڭىتقان. يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ تولۇقلانغان دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە «خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى» بىر ئېغىزدىن ماقۇللانغان.

* * *

مۇ يۈنشېڭنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، جىلىن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتى 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 3 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە جىلىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن. ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇدىرى ما يەنزېڭ ئاخۇنۇم خىزمەت دوكلاتى بەرگەن ھەم مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى يەتكۈزگەن؛ يىغىندا ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىڭ شۈيۈيمۇ سۆز قىلغان. دائىمىي ھەيئەتلەر ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

* * *

جيازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خېبېي ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتى 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن. ئۆلكە بويىچە 45 نەپەر ھەيئەتنىڭ ھەممىسى يىغىنغا قاتناشقان، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇدىرى گۇەن رۇيخۇڭ ئاخۇن يىغىندا خىزمەت دوكلادى بەرگەن. يىغىن مەزگىلىدە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق كىشىلەر دىنىي سىياسەت ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن بۇيانقى چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئۈستىدە بەھوزۇر سۆزلەشكەن ھەمدە ۋەتەننى سۆيۈش ۋە دىنىنى سۆيۈش روھى بويىچە قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان باشقۇرۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدىغانلىقىنى بىر ئېغىزدىن بىلدۈرۈشكەن.

(ماقالىلارنى ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى رەتلىگەن)

# كالا بېقىش ئىستىقباللىق ئىش

**ماجۇجيې** داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى

خېبېي ئۆلكىسىدىكى داچاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى 1955-يىلى قۇرۇلغان. پۈتۈن ناھىيىدە 6 گۇڭشې، 105 دادۈي، 87 مىڭ كىشى، 180 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، بۇ ناھىيىدىكىلەرنىڭ ئەزەلدىن كالا بېقىش ئادىتى بار ئىدى. لېكىن "سول"چىللىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كالا بېقىش ئىشى بىر مەھەل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئىدى. 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، 1979-يىلدىن باشلاپ كالا بېقىش يەنە يولغا قويۇلۇپ، ناھايىتى تېز راۋاجلاندى: 1979-يىلى 455 تۇياق كالا بېقىلىپ، بۇنىڭدىن قوتاندىكىسى 361 تۇياق، قوتاندىن چىقىرىلغىنى 94 تۇياق بولدى؛ 1980-يىلى 2 مىڭ 620 تۇياق كالا بېقىلىپ بۇنىڭدىن قوتاندىكىسى 710 تۇياق، قوتاندىن چىقىرىلغىنى 1 مىڭ 910 تۇياققا يەتتى؛ 1981-يىلى 7 مىڭ 200 تۇياق كالا بېقىلىپ، بۇنىڭدىن قوتاندىكىسى 3 مىڭ 200 تۇياق، قوتاندىن چىقىرىلغىنى 4 مىڭ تۇياق بولدى؛ 1982-يىلى 9 مىڭ 300 تۇياق كالا بېقىلىپ، بۇنىڭدىن قوتاندىكىسى 4 مىڭ 262 تۇياق، قوتاندىن چىقىرىلغىنى 5 مىڭ 38 تۇياق بولدى. دەسلەپتە بىرنەچچە خۇيزۇ دۈيلىرىلا كالا باققان بولسا، ھازىر خۇيزۇ دۈيلىرى ۋە خۇيزۇ-خەنزۇلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان دۈيلەرلا ئەمەس، بەلكى خەنزۇ دۈيلىرىمۇ زور كۈچ بىلەن كالا باقىدىغان بولدى. كالا باقۇچىلىقنى تېز راۋاجلاندۇرۇش مىللىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچىدىن، كالا كۆپ بېقىلىپ ئوغۇت كۆپ چۈشۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ناھىيىمىز خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيە، خۇيزۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى كۆزدە تۇتقاندا، كالىنى كۆپلەپ بېقىش ئوغۇتنىڭ يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى. 1982-يىلى ناھىيە بويىچە 9 مىڭ 300 تۇياق كالا بېقىلىپ، 100 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئوغۇت توپلاندى، بۇنىڭ بىلەن يەرنىڭ كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، شۇ يىلى مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1980-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدىكى 600 جىڭچەدىن 713 جىڭغا يەتتى؛ ساپ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1980-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدىكى 30 جىڭچەدىن 90 جىڭغا يەتتى. 1982-يىلى ئاشلىق ۋە پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتىدا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

ئىككىنچىدىن، كالا بېقىپ زاۋۇت قۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىپ، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى

ئىلگىرى سۈرۈلدى. كالىنىڭ ھەممىلا يېرى گۆھەر، كالا گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، كالىنىڭ تېرىسى، يېغى، سۆڭىكى، ئۈچەي-باغرى ۋە مېيى خىروم، كىگىز، دورا، ئۈچەي، سۆڭەك پاراشوكى، قان پاراشوكى ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىپ، كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ناھىيىمىز كالا باقۇچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، كالىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، زاۋۇت قۇرۇپ سانائەتنى راۋاجلاندۇردى. 1981-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىمىز تەييارلىق كۆرۈپ، 9 ئاي ئىشلەپ، سىغىمچانلىقى 10 توننا بولغان بىرلەشمە گۆش توڭلىتىش زاۋۇدىنى قۇردۇق، بۇ زاۋۇت 1982-يىل 10-ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. توڭلىتىش زاۋۇدى 4 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 5 مىڭ 700 نەچچە تۇياق تىرىك كالا سېتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ، گۆشنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن تيەنجىن كانسېرۋا زاۋۇدىغا يەتكۈزۈپ بەردى، ئىچ-باغرىنى بولسا ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ بەردى. گۇڭشې-دۈي كارخانىلىرى كالا مېيىدىن مۇسۇلمانلار سوپۇنىنى سىناپ ياسىدى، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقارماقچى. بەزى گۇڭشې، دۈيلەر كالا سۆڭىكىدىن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە سۆڭەك پاراشوكى ياسىدى، شۇاڭجيۇ دادۈيى سۆڭەك بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىنلا يىلىغا 100 نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. سۆڭەك بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن قېپقالغان پارچە سۆڭەك ۋە قالدۇقلار سۆڭەك پاراشوكى ياساشقا ئىشلىتىلدى، يەم-خەشەككە قوشۇلدى ۋە بىۋاستە ئېتىزغا چېچىلدى. ناھىيىدىكى تىنىمسىز بەتچىلىك-دورىگەرلىك تارماقلىرى كالىنىڭ ئۆتىنى سېتىۋېلىپ جۇڭيى دورىسى ياسىدى. كالىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش ناھىيىمىز سانائىتىنىڭ ۋە گۇڭشې-دۈي كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۈچىنچىدىن، كالا بېقىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك، سانائەت ۋە سودىنىڭ بىرلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتۇرۇلدى، ئىقتىسات جانلاندۇرۇلۇپ، كىرىم ئاشۇرۇلدى. دېھقانلار كالا باققاندا، كالىنى ئۆزلىرى كۆپەيتكەندىن تاشقىرى، يەنە سىرتتىن كىرگۈزۈشكە مۇھتاج، بۇ خىزمەتلەر سودا ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بېجىرىلدى، كالا بازارغا سېلىنىپ سېتىلغاندا، بازار باشقۇرۇش، باج يىغىش ئورۇنلىرىغا شەرەپلىك ۋەزىپە يۈكلەندى. دېھقانلار كالىلىرىنى ساتقاندا، ناھىيە باشقۇرغان كالا-قوي گۆشلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدى بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كالا بېقىشى شەھەر-يېزا سودىسى، قاتناش-ترانسپورت، مالىيە-باج قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەر جانلىنىپ كەتتى.

دېھقانلار كالا باقسا، كالىنىڭ ئوغۇتىنى ئېتىزغا قويۇپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغاندىن تاشقىرى، بىر كالىنى 3 ئاي بېقىپ سېتىش ئارقىلىق، 150 يۈەندەك نەق پۇل كىرىم قىلالايدۇ. 1982-يىلى ناھىيە بويىچە ئازغىنا كەم 10 مىڭ تۇياق كالا بېقىلىپ، ساپ كىرىم بىر مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك كالا-قوي گۆشى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدى بولتۇر قىشتا

4 ئاي تىجارەت قىلىپ، 400 نەچچە مىڭ يۈەن (باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كىرىم قىلدى، سودا ئىشلىرى، بازار باشقۇرۇش، مالىيە-باج قاتارلىق جەھەتلەردىكى كىرىممۇ مۇناسىپ تۈردە ئۆستى. 1982-يىلى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى پىلاندىكىدىن 20.2 پىرسەنت ئاشتى؛ مالىيە كىرىمى خامچوتتىكى كورسەتكۈچتىن 18.9 پىرسەنت ئاشتى؛ دېخانلارنىڭ ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە دارامىتى 315 يۈەنگە يېتىپ، 1981-يىلدىكىدىن 61.5 پىرسەنت ئۆستى.

داچاڭ ناھىيىسىدە كالا باقۇچىلىقى ئاساسەن تۇۋەندىكىدەك بىرقانچە تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقتىن بىرقەدەر تېز تەرەققى قىلالىدى.

1. "سول"چىللىقنىڭ تەسىرلىرىنى تازىلاپ، ئىدىيە-تونۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

ناھىيىمىزدىكى خۇيزۇلار كالا بېقىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلغان ھەممە مەلۇم ئەمىلىي تەجرىبىلەرگىمۇ ئىگە. تەكشۈرۈپ كورۇلۇشچە، 1956-يىلى ناھىيە بويىچە قوتاندىكى كالىلارنىڭ سانى 4 مىڭ 465 تۇياققا يەتكەن، بىراق 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، "سول"چىللىق خاتالىقىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كالا بېقىش ئىشلىرى "كاپىتالىزىمنىڭ قۇيرۇغى" قاتارىدا قىرقىپ تاشلاندى. 3-ئومۇمى يىغىندىن كېيىن، بىز مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئىشقا سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كالا بېقىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردۇق، بىراق دەسلەپتە خېلى جىق كۈچ سەرپ قىلغان بولساقمۇ، باققان كالىمىزنىڭ تايىنى بولمىدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كورسەك، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يەنىلا "سول"چىللىقنىڭ تەسىرلىرىنىڭ تازىلىنىپ بولمىغانلىقىدا ئىكەن، يەنى كىشىلەرنىڭ كوڭلىدە ئەندىشە بار ئىكەن، كادىرلار خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ، تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تۇتۇشقا پېتىنالمىغان؛ ئامما كاپىتالىزىم بىلەن شۇغۇللاندىڭ دەپ تەنقىت قىلىنىشتىن قورقۇپ، كالا بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان؛ باققان ھالەتتىمۇ ئوزۇپ كەتكەنلەر دەپ قارا ئۈلگە قىلىپ قوييۇشتىن قورقۇپ كوپلەپ باقالمىغان، ۋاھاكازا. بىز توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش مەقسىدىدە، 3-ئومۇمى يىغىندىن بۇيانقى فاكچېن، سىياسەتلەرنى كەڭ كولەمدە يەتكۈزۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، خۇيزۇ كەنتى ۋە دۈيلىرىنىڭ كالا بېقىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشىغا ياردەملەشتۇق. ناھىيىنىڭ رەھبەرلىك تارماقلىرى "كالا بېقىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ناھىيە ۋە خەلقنى بېيىتىش" توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، "گوش كالىسى بېقىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش"نى بېسىپ تارقاتتى، ئاممىا كالا بېقىش تۈزۈمى ۋە كالا باققانلارنى مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە پەن-تېخنىكا كومىتېتى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى، شۇنىڭدەك خۇيزۇلار دادۈيىنىڭ مەسئۇللىرىنى شەندۇڭ ئولكىسى خېزې ناھىيىسىدىكى خۇيزۇ گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كالا بېقىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئىدىيىۋى ئەندىشىلەر تۈگىتىلگەچكە، شىيادىيەن ۋە داچاڭدىن ئىبارەت خۇيزۇلار

توپلىشىپ ئۇلتۇراقلاشقان ئىككى گۇڭشې ۋە 26 خۇيزۇلار دادۈيى ئارقا-ئارقىدىن پىلان تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن، كالا باقۇچىلىقى ناھىيىمىزدە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 1980-يىلى كالا باققان ئائىلىلەر كۆپىيىپ ناھىيە بويىچە 1 مىڭ 30 غا، بېقىلغان كالىلار 2 مىڭ 620 تۇياققا يەتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاممىنى كالا بېقىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، "قۇيرۇق قىرقىلىش"تىن قورقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەنە يېزىلاردا ئۆيى بار خادىملارنى ۋە يېزىلاردىكى دادۈي-شياۋدۈي مەسئۇللىرىنىمۇ باشلامچىلىق بىلەن كالا بېقىشقا چاقىردى. نەتىجىدە گۇڭشې دەرىجىلىك خادىملاردىن 50 نەپەرى، دادۈي دەرىجىلىك كادىرلاردىن 129 ى ئائىلىسىدە كالا باقتى. كەڭ ئامما غەم-ئەندىشىدىن خالاس بولۇپ، ئۇلارنىڭ كالا بېقىش ئاكتىپلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆستى. 1981-يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە كالا باققان ئائىلىلەرنىڭ سانى تېزدىن، كۆپىيىپ 1 مىڭ 700 گە يەتتى، بېقىلغان كالىلار 7 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 1980-يىلدىكىدىن 4 مىڭ 580 تۇياق كۆپەيدى. بىز كالا بېقىش جەھەتتە بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئائىلىلەر ۋە كەسپىي ئائىلىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كالا بېقىپ بېيىش تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇردۇق. مەسىلەن، شيادىيەن گۇڭشې بېيۇ 4-دادۈينىڭ 2-ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى خۇيزۇ گۇڭشې ئەزاسى ليۇ ۋەنچۈەننىڭ ئائىلىسىدە جەمئىي 8 جان بولۇپ، ئۇ 3 يىلدا 40 تۇياق گۆش كالىسى باقتى، 33 تۇياق كالىنى قوتاندىن چىقىرىپ 5 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ساپ كىرىم قىلىپ، شۇ يەردە ئاتاقلىق ئۈزۈپ چىققان ئائىلە بولۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭ كالا بېقىپ بېيىش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ۋە ئىش ئىزلىرىنى يىغىن، رادىيو قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن، پۈتۈن ناھىيىدە كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدۇق، شۇنىڭدەك ناھىيىدە چاقىرىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىدا ئۇنى تەقدىرلەپ، تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن، كەڭ ئامما كۆپلەپ كالا بېقىپ تېز بېيىش جەھەتتە غەم-ئەندىشىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خالاس بولۇپ، ھە دەپ كالا بېقىشقا باشلىدى.

2. ئامما نېمىنىڭ غېمىنى يىسە شۇنىڭ غېمىنى يەپ، ئامما نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، كالا بېقىش جەھەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق.

كالا باقۇچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەمەلىي مەسىلىلەرمۇ بار. بىز ئامىمىنىڭ كالا بېقىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەملىشىشكە بەك ئەھمىيەت بېرىپ، كالا باقۇچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردۇق. بىز كالا مەنبەسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، داچاڭ ۋە شيادىيەنلەردىكى بازارلاردا قوي-كالا سودىسىنى ئۇيۇشتۇردۇق. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىككى يىلدىن بۇيان سودا بولغان گۆش كالىلىرى 4 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە چېڭدې ۋە لىگشيەن ناھىيىسىدىن ئېلىپ كېلىپ سېتىلغان كالىلار 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، باشقا جايلاردىن كالا سېتىۋالدۇق، بىر قانچە يىلدىن بۇيان، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بېيجىڭ سىغىن كالا فىرمىسىدىن مىڭدىن كۆپرەك كىچىك توپاق سېتىۋالدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئاممىنىڭ كالىنى ئۆزلىرى كۆپەيتىش ئىشىنى ياخشى ئىشلىشىگە

ياردەملەشتۇق. ھازىر ناھىيە بويىچە كۆپىيىش يېشىغا يەتكەن سىيىرلار 400 نەچچە تۇياق بولۇپ، ئۇلار يىلىغا 200 نەچچە تۇياق موزاي تۇغۇشى مۇمكىن. بازار تېپىش ئۈچۈن، ناھىيەمىزدە كالا-قويلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆلتۈرۈپ توڭلىتىدىغان بىرلەشمە زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تاشقىرى، يەنە ناھىيىلىك تاشقى سودا تارماقلىرى ئېكسپورت ئىشلىرىنى ئاكتىپ تەشكىللىدى، بىرقانچە يىلدىن بېرى، ناھىيە بويىچە شياڭگاڭ، شېنجېن ۋە تيەنجىن قاتارلىق جايلارغا تاشقى سودا تارماقلىرى ئارقىلىق سېتىپ بېرىلگەن گۆش كالىلىرى 4 مىڭ 871 تۇياققا يەتتى. بىز تۈزلەڭلىكتە كالا بېقىشتىكى يەم-خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دېخانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېخانچىلىق ئارقىلىق چارۋىچىلىققا ياردەم بېرىپ، چارۋىچىلىق ئارقىلىق دېخانچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ غوللىرىنى يېرىك يەم-خەشەك قىلدۇق، چىگىتتىن ياغ تارتىپ بولغاندىن كېيىن كۈنجۈرىلىرىنىمۇ كالىغا يەم-خەشەك قىلدۇق. كالا باقىدىغان ئائىلىلەرگە 1981-يىلى 600 مىڭ جىڭ، 1982-يىلى 1 مىليون 600 مىڭ جىڭ چىگىت كۈنجۈرىسى يەتكۈزۈپ بەردۇق. ئاممىنىڭ كالا بېقىشتا پۇلى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پۇل-مۇئامىلە تارماقلىرى تۈرلۈك چارە-ئاماللار بىلەن پۇل توپلاپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپلەپ كالا بېقىشىغا مەدەت بەردى. 1982-يىل ئىچىدىلا 780 مىڭ يۈەندىن كۆپ پۇل ئاجرىتىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 1 مىڭ 400 دىن كۆپرەك كالا باقىقۇچى ئائىلىگە پۇل قەرز بەردى.

3. ئىلمىي ئۇسۇلدا كالا بېقىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇردۇق.

گۆش كالىسىنىڭ قوتاندىن چىقىش نىسبىتى ۋە گۆش مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز شياۋچاڭ دادۈيىدىكى خۇيزۇ گوڭشې ئەزاسى ۋاڭ چىفېڭنىڭ كالا بېقىش تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇردۇق. ئۇنىڭ تەجرىبىسى مۇنداق: بىرىنچى، يەم-خەشەك بىلەن ئوت-چۆپنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ بېقىش؛ ئىككىنچى، باسقۇچقا بولۇپ سەمرىتىش؛ ئۈچىنچى، ۋاقتى-قارايىدا بېقىش؛ تۆتىنچى، باغلاپ قويۇپ بېقىپ، كۆپ ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق. ۋاڭ چىفېڭ يۇقۇرقىدەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، 1981-يىل ئىچىدىلا 11 تۇياق گۆش كالىسىنى بېقىپ سەمرىتىپ، 1 مىڭ 750 يۈەن كىرىم قىلغان. ۋاڭ چىفېڭنىڭ گۆش كالىسىنى سەمرىتىش جەھەتتىكى بىر يۈرۈش بېقىش-باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى كالا باقىقۇچى ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىگىچە ئومۇملاشتۇرۇپ، بىرقەدەر ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. بىز يەنە ئەلا سورتلۇق بۇقىلارنى كىرگۈزۈپ يەرلىك كالىلارنىڭ سورتىنى ياخشىلىدۇق ھەمدە سورتى ياخشىلانغان كالىلار بىلەن يەرلىك كالىلارنى بېقىپ سەمرىتىش جەھەتتە سېلىشتۇرۇپ تەجرىبە قىلىپ كۆردۇق. سېلىشتۇرۇپ تەجرىبە قىلىش نەتىجىسىدە، سورتى ياخشىلانغان كالىلارنى بېقىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئامما بارغانسېرى كۆپەيدى. ئاممىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق تارماقلىرى 5 تۇياق نەسىللىك بۇقا ئىمپورت قىلىپ، يەرلىك كالىلارنىڭ

سورتىنى ئۆزگەرتىش نۇقتىسىنى 1 دىن 4 كە كۆپەيتتى، سورتىنى ئۆزگەرتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنى 2 دىن 6 گە كۆپەيتتى، يەنە يەرلىك كالىلارنىڭ سورتىنى ياخشىلاش تېخنىكىسى بويىچە نۇرغۇن قېتىملىق كۇرسلارنى ئېچىپ، ئالاقىدار خادىملارنىڭ تېخنىكا سەۋىيە-سىنى ئۇستۇردى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان جەمى 820 تۇياق سېرىق ئۇرۇقلاندۇرۇلۇپ، بوغاز بولۇش نىسبىتى ئەسلىدىكى 15 پىرسەنتتىن 70 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلدى، ئۇ سېرىلار 420 تۇياق موزاي تۇغدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 60 نەچچە نەپەر يېزا مال دوختۇرى تەربىيلەپ چىقىلىپ، ھەممە خۇيزۇلار دۇيلىرىدە مال دۇختۇرلىرى بارلىققا كەلدى.

كالا باقۇچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىز بۇنىڭدىن كېيىن، بىرىنچىدىن، گۆش كالىسى بېقىش ئىشىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سېغىن كالا بېقىشنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلە-سىنىمۇ ئوبدان ھەل قىلماقچى. ناھىيىمىزدە ھازىر بار سېغىن كالا 150 تۇياق بولۇپ، ئۇنىڭ سۈتىنى سېتىش بىرگەپ بولۇۋاتىدۇ، بۇ بىزنىڭ جىددى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بىر مەسىلە. ئىككىنچىدىن، بىز كالا سورتىنى ياخشىلاش قەدىمىنى تېزلەتمەكچى. ناھىيىمىزدە كالا سورتىنى ياخشىلاش جەھەتتە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇنى دىگەندەك چىڭ تۇتمىدۇق، سۈرئەتمۇ تېز بولمىدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن ئوبدان تۇتىمىز. ئۈچىنچىدىن، ئىلمىي ئۇسۇلدا كالا بېقىش ئىشىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، كالا بېقىش ئىلمى ۋە تېخنىكىسىنى ھەممە ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشتۇرماقچى.

كالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش ۋە كۆپەيتىش جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ناھىيىمىزنىڭ كالا بېقىش ئىشلىرى بويىچە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز.

(بېشى 34 ـ بەتتە)

ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئەتراپىدا كۆپ يىللاردىن بېرى يېمەكلىك ساتىدىغان ئورۇن بولمىغاچقا، بەزى كېسەللەر، بولۇپمۇ مۇسۇلمان-لار ۋە كېسەلگە قارىغۇچىلار تاماق يېيىشتە قىيىنىلىپ قالغان. ئاشپۇزۇلنىڭ جېڭلىسى ياڭ دۇڭلەي دوختۇرلار ۋە كېسەللەرنىڭ تەلىۋىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كەلگەن. ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال مۇزاكىرە قىلىپ، 4 ئادەم ئاجرىتىپ 20 يول يىراقلىقتىكى ناھىيە-لىك دوختۇرخانىنىڭ يېنىدا بىر مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى ئېچىشنى قارار قىلغان ۋە بۇ دۇكاندا ھەر كۈنى مانتا، قۇيماق ۋە دۇجياڭ ساتقاندىن تاشقىرى، يەنە كېسەللەرگە باپ كېلىدىغان سۇيۇق ئاش، تۇرلۇك شورپا ۋە سەيلەرنى ساتقان، شۇنىڭدەك كېسەللەر ۋە كېسەلگە قارىغۇچىلارنىڭ تامىقىنى ئېتىپ بەر-گەن. قاچان كەلسە تاماق تەييار بولغاچقا، بۇ ئاشپۇزۇل خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىش-كەن، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان بەزى كېسەل-لەر ئۇنى "كىشىلەرگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ئاشپۇزۇل" دەپ ئاتاشقان.

# بېيجىڭ جىنشفاڭ مەسچىتى رېمونت قىلىپ ئېچىلدى

بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئاتاقلىق 4 چوڭ مەسچىتنىڭ بىرى بولغان "پۈشۈ مۇسۇلمانلار مەسچىتى" (جىنشفاڭ كوچىسى مەسچىتى) بىر يىلدەك رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن، يېقىندا پۈتۈپ رەسمىي ئېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن، بېيجىڭ شەھىرىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان يەنە بىر مەسچىت كۆپىيىپ، ئۇلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى، ئۇلار بۇنى تەبرىكلەپ ۋە بىر بىرىنى قۇتلۇقلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر بىلدۈردى.

بۇ مەسچىت مىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەندې يىللىرىدا قۇرۇلغان بولۇپ، تارىختا نەچچە قېتىم رېمونت قىلىنىپ ۋە كېڭەيتىلىپ، بېجىرىم ساقلىنىپ كەلگەن. بىراق 10 يىللىق مالىمانچىلىق داۋا-مىدا بۇ مەسچىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مەسچىتنىڭ ئەسلى قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىدى.


كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىۋى ۋە ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بېيجىڭ شەھىرى ۋە شىچېڭ رايونىدىكى ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى بۇ مەسچىتنى رېمونت قىلىش خىزمىتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بولدى ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. شەھەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە ھەيدەكچىلىك قىلىشى، رايونلۇق مىللى-دىنىي ئىشلار بولۇمىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشى، شۇنىڭدەك رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتى گۇرۇپپىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، مەسچىتنى رېمونت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاش، ئۆزىنىڭ كىرىمى بىلەن ئۆزىنى قامداش پىرىنسىپى بويىچە، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئىنچىكە ھېساپ-كىتاپ قىلىپ، قۇرۇلۇشنى تېجەشلىك ھالدا ئېلىپ بېرىش بىلەن، بىرقەدەر مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە بولغان بۇ خىزمەت ئاخىر ئورۇنلاندى. بۇ ھال مەسچىتنى باشقۇرۇشتىمۇ كۆپنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇش ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

6-ئاينىڭ 10-كۈنى جۈمە كۈنى يەنى رامزاننىڭ ئالدىدا، جىنشفاڭ مەسچىتىنى رەسمىي ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا ھەرقايسى ساھەدىن كەلگەن مېھمانلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ نەچچە ئون كىشى قاتناشتى. مۇراسىمغا رايونلۇق ئىسلام

جەمىيىتى گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى لىۇدېبىن رىياسەتچىلىك قىلدى، رايونلۇق مىللىي-دىنىي ئىشلار بولۇمىنىڭ باشلىغى ۋاڭ يۈيچىن مەسچىتنى رېمونت قىلىشقا دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا دوكلات بەردى، رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى ۋېي شېكسەن ئاخۇن بۇ مەسچىتنىڭ تارىخىنى تونۇشتۇردى، شىچېڭ رايونلۇق خەلق ھوكۇمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى لى چېڭجېن مۇراسىمغا قاتنىشىپ مەسچىتنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى، شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شى كۈنبىن ئاخۇن تەبرىك سوزى قىلدى، ئاخىرىدا لى چېڭجېن بىلەن شى كۈنبىن ئاخۇن بېغىشلىما تاختىسىنى ئېسىپ بەردى، مۇراسىمغا قاتناشقانلار سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. مۇراسىم باشتىن-ئاخىر ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا ۋە ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئوتكۈزۈلدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بۇ مەسچىتكە 100 نەچچە مۇسۇلمان كېلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇدى، ھەممەيلەن رېمونت قىلىنغاندىن كېيىنكى جىنشىفاڭ مەسچىدىنىڭ يېڭى قىياپىتى، ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى، كەڭ-كۇشادە سەيناسى، كاتتا خانىقاسى، پاكىز تاھارەتخانىسىنى كورۇپ، بەك خوشال بولۇشتى، پۈتكۈل مەسچىتنىڭ پاكىز ھەم ئازادىلىكىدىن ئىنتايىن رازى بولدى. ياشانغان مۇسۇلمانلار بىر بىرى بىلەن كورۇشكەندە بىر ئېغىزدىن: "دىنىمىز ھورمەتكە ئىگە بولدى!" "دىنىي سىياسەت كىشىلەرنىڭ كوڭلىنى ئىللىتتى، بىز ۋەتەن ۋە دىنىنى سويۇپ مۇسۇلمانچىلىقنى داۋاملاشتۇرىمىز" دېيىشتى.

(ۋېي يۈن)



رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن قايتىدىن ئېچىلغان بېيجىڭدىكى 4 چوڭ داڭلىق مەسچىتنىڭ بىرى — جىنشىفاڭ كوچىسىدىكى پۈشۇ مەسچىدى
(سۈرەتنى يۈسۈپ تارتقان)

# ئىسلام دىنىنىڭ 3 چوڭ مەسچىدى ھەققىدە

سەي شېڭفا لۇقمان

مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىدى، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر مەسچىدى ۋە قۇددۇس شەرىپتىكى ئەقسا مەسچىدى ئىسلام دىنىنىڭ 3 چوڭ مەسچىدى بولۇپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەس جايدۇر. بۇ يەردە بىز بۇ 3 چوڭ مەسچىتنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىدى

مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىدى ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ مەسچىدى بولۇپ، ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى زېمىنىدىكى ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان مەككە شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ناماز ئوقۇغاندا يۈز كەلتۈرىدىغان كەئبە مۇشۇ مەسچىت ئىچىدە. بۇ مەسچىت "چەكلەنگەن مەسچىت" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ مۇشۇ مۇقەددەس مەسچىتنىڭ قۇرئان كېرىم (17 ـ سۈرە، 1 ـ ئايەت) دىكى ئاتىلىشىدۇر. پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا، مەككە مۇكەررەمەدىكى كەئبەنى تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، قۇرئان كېرىم (2 ـ سۈرە، 191 ـ ئايەت؛ 5 ـ سۈرە، 95 ــ 97 ـ ئايەتلەر؛9ـ سۈرە،82ـ ئايەت) دىكى ۋەھىيگە بىنائەن، ئۇنىڭ توت ئەتراپى چەكلەنگەن رايون قىلىنىپ، بۇ رايوننىڭ ئىچىگە غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ كىرىشى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوۋلاش، قان توكۇش، مۇشتلىشىش، دىنغا خىلاپ ھەرقانداق قىلىقلارنى قىلىش مەنئى قىلىنغان، شۇڭلاشقا بۇ مەسچىت "چەكلەنگەن مەسچىت" دەپ ئاتالغان.

ھەرەم مەسچىدى تارىختا بىرقانچە قېتىم كېڭەيتىلگەن. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ھەرەم مەسچىدى ناھايىتى ئاددى بولۇپ، شەرق ۋە غەرپ تەرەپلىرى كەڭ، جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپلىرى تار كەلگەن، كەئبەنى چۆرىدەپ ناماز ئوقۇيدىغان ئۈستى ئوچۇق ئۇزۇنچاق بىر جاي ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كەئبەدىن باشقا ھېچقانداق ئىمارەت يوق ئىدى. مىلادى 638 ـ يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى ۋارىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (مىلادى 634 ــ 644 ـ يىللىرى خەلىپە بولغان) كەئبەنى ئاسراپ قېلىش مەقسىتىدە، ھەرەم مەسچىدىنى بىرىنچى قېتىم كېڭەيتىپ ياساتقان. ئۇ چاغدىكى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئاساسەن مەسچىت مەرئاسىنى كېڭەيتىش، ئادەم بويى ئېگىزلىكتە چۆرىدەپ تام سېلىش ۋە كەچتە ناماز ئوقۇغاندا يورۇتۇش ئۈچۈن تام ئۈستىگە پانۇس ئورنىتىشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق زىننەتلەش ئىشلىرى

بولمىغان. مىلادى 646 - يىلى 3 - خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يەنە كېڭەيتكەن، شۇنىڭ-
دىن ئېتىۋارەن ھەرەم مەسچىدىنىڭ ئۈستى يېپىلغان؛ مىلادى 683 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
رەپىقىسى ئايىشەنىڭ جىيەنى — ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير مەككىنى ئىگەللىۋېلىپ، ئۇمەۋىيە سۇلالىسى
بىلەن قارشىلاشقان، ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى يەزىد ئەسكەر ئەۋەتىپ، مەككىگە قورشاپ
ھۇجۇم قىلغان؛ مەككە قورشاۋدا قالغان مەزگىللەردە، كەئبەگە ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن، مۇقەد-
دەس ھەجرىلئەسۋەد (قاراتاش) كۆيۈپ ئۈچ پارە بولۇپ كەتكەن، تاكى جازا يۈرۈشى قىلىپ كەل-
گەن قوشۇنلار چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير كەئبەنى قايتىدىن ياسات-
قان؛ مىلادى 694 - يىلى ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ھەرەم مەسچىدىنى كېڭەيتىپ
سېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن، مەسچىتنىڭ تاملىرى ئېگىزلىتىلگەن، لىم-
تۈۋرۈكلىرى ئالماشتۇرۇلغان ھەمدە ھەر بىر تۈۋرۈك ئۈستىگە 234 گىرام ئېغىرلىقتا ئالتۇن بىزەكلەر
ئورنىتىلغان؛ مىلادى 709 - يىلى خەلىپە ۋەلىد ھەرەم مەسچىدىنى يەنە كېڭەيتكەن، شۇ چاغدىن
باشلاپ ياغاچ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئورنىنى مەرمەر تۈۋرۈكلەر ئېلىشقا باشلىغان؛ مىلادى 756 - يىلى
ئابباسىلارنىڭ 2 - خەلىپىسى ئەبۇ جاپپار مەنسۇر ھەرەم مەسچىدىنى كېڭەيتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى
ئالتۇن بىزەك ۋە تۈرلۈك نەقىشلەرنى كۆپەيتكەن، شۇنىڭدەك تۇنجى قېتىم مۇنار ياساتقان؛
مىلادى 777 - يىلى مەنسۇرنىڭ ئوغلى مەھدى كەئبەنى تاشقىنىنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىدىن ساقلاش
مەقسىدىدە، نۆۋەتلىك ھالدا بۇ مەسچىتنىڭ شەرق ۋە شىمال تەرەپلىرىنى كېڭەيتكەن، شۇنىڭ
بىلەن كەئبە مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەن؛ مىلادى 897 - ۋە 918 - يىللىرى خەلىپە
مۇئتەزىدە ۋە مۇقتەدىر ئارقا - ئارقىدىن يەنە ھەرەم مەسچىتىنى كېڭەيتىپ ياساتقان، بۇنىڭ
بىلەن، مەسچىتنىڭ كۆلىمى 29 مىڭ 127 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن ۋە بۇنداق ھالەت تا 1955 -
يىلغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ مەزگىللەردە، مەككىدىكى كەئبەدە كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان
ۋەقەلەر يۈز بەرگەن، يەنى مىلادى 930 - يىلى قەرامىتە مەزھىبىنىڭ باشلىقى ئەبۇ تاھىر سۇلاي-
مان مەككىنى ئىشغال قىلىپ، كەئبەدىكى ھەجرىلئەسۋەدنى ئېلىپ قاچقان، 20 نەچچە يىل ئۆت-
كەندىن كېيىن، مىسىر فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مەنسۇرنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن،
ھەجرىلئەسۋەد قايتىدىن كەئبەدىكى ئورنىغا ئەكىلىپ قويۇلغان؛ تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسى
ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، تۈرك سۇلتانلىرىمۇ ھەرەم مەسچىدىنى ئۈز-
لۈكسىز تۈردە رېمونت قىلدۇرغان ۋە كېڭەيتكەن، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋر-
لىرى — سۇلايمان I تەختكە ئولتۇرغان مەزگىللەردىن (1520 — 1566 - يىللار) 1630 - يىللىرىغىچە
بولغان ئارىلىقتا ھەرەم مەسچىدى ئۈزۈل - كېسىل رېمونت قىلىنغان، تۈركىيىلىك ئاتاقلىق بىنا-
كارلىق ئىنژېنېرى سىنان، ئاتاقلىق رەسسام ئابدۇللا لۇتفى بۇ مەسچىتنى رېمونت قىلىشتا ئۆز
ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، كۆكۈل قويۇپ ئىشلەپ، رەڭلىك نازۇك نەقىشلەرنى چىقارغان؛
مىلادى 1821 - يىلى مىسىرنىڭ باش ۋالىسى مۇھەممەت ئەلى مەككە قاتارلىق جايلارنى ئۆز قارد-
مىقىغا ئالغان، بۇ مەزگىلدە ئۇ ھەرەم مەسچىدىنىڭ كۆپ قىسمىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، تاش تۈۋرۈك
ۋە مەرمەر تۈۋرۈكلەرنى ئورناتقان. مىلادى 1955 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، سەئۇدى

ئەرەبىستانى ھوكۇمىتى ھەرەم مەسچىدىنى كەڭ كولەمدە كېڭەيتىپ سېلىش ئۈستىدە چوڭ پىلان تۈزۈپ چىقىپ، 1958 - يىلدىن كېيىن كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىي يۈزلۈك باشلىدى، بۇ ئىش قەدىمقى زامان بىناكارلىق نۇسخىسىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلدى. كېڭەيتىپ سېلىنغاندىن كېيىنكى ھەرەم مەسچىدى ئىچىگە ئەسلىدىكى كەئبە، مەركىزىي سەينا، كەئبەنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان ئايلانما يول، ماقامى ئىبراھىم، زەمزەم بۇلىقى، مۇنبەر، كارىدور ۋە مۇنارلاردىن باشقا، يەنە سافا تېغى بىلەن مەرۋە تېغىدىن ئىبارەت ئىككى مەشھۇر تاغنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مەرمەر تاشتىن ياسالغان 405 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كارىدورمۇ سېلىندى. كېڭەيتىپ سېلىش قۇرۇلۇشىغا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھوكۇمىتى نۇرغۇن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددى كۈچ سەرپ قىلىپ، 500 مىليون رىيال خەجلىدى. ھەرەم مەسچىدىنىڭ تام، گۈمبەزلىرىگە ۋە ئاستىغا ھەر خىل مەرمەر تاشلار ئىشلىتىلگەن، سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاملىرىغا ۋە ئاستىغا ئىشلىتىلگەن مەرمەر تاشلارنىڭ ئومۇمىي يۈزى 122 مىڭ كۇۋادىرات مېتىرغا يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەرمۇ ھەرەم مەسچىدىنى كېڭەيتىپ سېلىش ئىشىدا ئارقا-ئارقىدىن تۈرلۈك پىلان-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مىسىرلىق ئاتاقلىق ئىنژېنېر مۇستافا فەھمى قاتارلىقلار بار. كېڭەيتىپ سېلىنغاندىن كېيىنكى ھەرەم مەسچىدىنىڭ كولىمى 180 مىڭ كۇۋادىرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 500 مىڭ مۇسۇلمان بىرلا ۋاقىتتا جەم بولۇپ ناماز ئوقۇيالايدۇ.

ھەرەم مەسچىدىنىڭ قۇرۇلۇشى ئالاھىدە ئۇسلۇپقا ئىگە بولۇپ، ئۆزى كاتتا-ھەشەمەتلىك، تۈزۈلۈشى بەكمۇ پۇختا. مەسچىت مەركىزىنىڭ سەل جەنۇبىغىراق كەئبە جايلاشقان، كەئبەنىڭ ئەتراپى مەخسۇس ھاجىلارنىڭ كەئبەنى تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان سەينا بولۇپ، كولىمى 10 مىڭ كۇۋادىرات مېتىر كېلىدۇ؛ بۇ سەينانى چۆرىدەپ پەشايۋانلىق قىلىپ ئىككى قەۋەت كارىدور سېلىنغان؛ مەسچىتنىڭ ئىچىگە قاتار كەتكەن يۇملاق تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان. ھەر ئىككى تۈۋرۈكنى بىر ئەگمە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، ھەم توت تۈۋرۈك ئۈستىگە كارامەت ئۇستىلىق بىلەن گۈمبەز چىقىرىلغان، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنداق ئوششاق گۈمبەزلەر ئالاھەزەل 500 دىن ئارتۇق ئىكەن؛ ئەسلىدە ھەرەم مەسچىدىنىڭ 25 دەرۋازىسى بار ئىدى، ھازىر دەرۋازىلار كوپەيتىلىپ 64 كە يەتكۈزۈلگەن، بۇلار ئىچىدە "باب مەلەك ئابدۇلئەزىز"، "باب ئۆمرە" ۋە "باب سالام" دىگەنلىرى ئاساسلىق دەرۋازىلاردۇر. بۇ ئۈچ چوڭ دەرۋازىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۈستىگە 92 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككىدىن مۇنار سېلىنغان بولۇپ، مۇنارلارنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىگى 7.7 مېتىر كېلىدۇ، مۇنارلارنىڭ ئۇچىغا مىستىن ياسالغان، سىرتى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ھىلال ئاي ئورنىتىلغان، ھىلال ئاينى كوتىرىپ تۇرغان تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىگى 5.6 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سافا تېغىنىڭ چوققىسىغا يەنە بىر مۇنار (7 - مۇنار) سېلىنغان. يۇقۇرىدىكى دەرۋازا ۋە مۇنارلار 20 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تام بىلەن ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، تامدىن ئوتۇپ ئىچكىرىگە كىرىش ئۈچۈن، پەلەمپەي بىلەن تۆۋەن چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ پەلەمپەيلەرنىڭ ھەممىسى چەتئەللەردىن توشۇپ كېلىنگەن مەرمەر تاشلاردىن ياسالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، كەئبەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاسماندىكى نۇسخىسى بويىچە ياسىغان؛ بىرقانچە دەۋر ئۆتۈپ، مەككىنى كەلكۈن بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام كەئبەنى يەنە قايتىدىن ياساپ چىققان (قۇرئان كەرىم، 2 ـ سۈرە، 127 ـ ئايەت). پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تارقىتىشتىن ئىلگىرى، كەئبەنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار كەئبەنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز قولىدا ساقلاپ، ھەج قىلغۇچىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇلاردىن باج ـ سېلىق ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. ئۇ چاغدا ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالىشىش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ھەممىسى كەئبەنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش كويىدا بولغان، شۇنىڭدەك ئۇلار كوپىنچە يوپۇق، زىننەت بۇيۇملىرى، خەنجەر، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان بۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى كەئبەگە تارتۇق قىلغان.

تارىختا كەئبە نۇرغۇن قېتىم رېمونت قىلىنغان، ئەڭ دەسلەپتە كەئبەنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە قۇرەيشلەر ئۇنى قايتىدىن سالغاندا، ئۈستىنى خورما ياغىچى بىلەن ياپقان، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى چۈشۈشتىن ئىلگىرى، ئۇ كەئبەنى رېمونت قىلىش ئەمگىكىگە قاتناشقان. ئىسلام تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە، پەيغەمبىرىمىز 35 ياشقا توشقان يىلى (يەنە بىر رىۋايەتتە 25 ياشقا توشقان يىلى) مەككە رايونىنى كەلكۈن بېسىپ كېتىپ، كەئبەنى ئېقىتىپ كەتكەن، مەككىدىكى قۇرەيشلەر ئادەم توپلاپ كەئبەنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرغان، بۇ چاغدا كەئبەنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا قىزىل دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا ئۆرۈلۈپ پارچىلىنىپ كەتكەن بىر كېمىنىڭ ياغاچلىرى ئىشلىتىلگەن. ئەسلىدە كەئبەنىڭ يەر بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە ئىككى ئىشىكى بولغان، قۇرەيشلەر ئۇنى قايتىدىن رېمونت قىلغاندا، ھەم كەلكۈن سۇ كىرىپ كەتمەسلىكى، ھەم كىشىلەرنىڭ ئۆز مەيلىچە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، بىرلا ئىشىكىنى قالدۇرغان ۋە بۇ ئىشىكنى يەر يۈزىدىن ئىككى مېتىر ئېگىز كۆتىرىپ ياسىغان. كەئبە ياسىلىپ 4 چىچە ئېگىزلىككە يەتكەندە، مۇقەددەس ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئورنىتىش مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۇنى ئۆزى ئورنىتىشنى تالىشىپ، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى يېمەي تۇرۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، كوپچىلىك: شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، "باب سەبا" دەرۋازىسىدىن كىم بىرىنچى بولۇپ كىرىپ كەلسە، ھەجەرۇلئەسۋەدنى شۇ ئورناتسۇن، دىگەن يەرگە كېلىشكەن. شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن ـ دە، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھەجەرۇلئەسۋەدنى ئۆز قولى بىلەن ئورنىتىشىغا بىردەك قوشۇلغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ تالاش ـ تارتىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كوپچىلىكنىڭ چىرايىدىن بىر بىرىگە دۈشمەنلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ، بىر ئاز ئويلىنىۋالغان ـ دە، چاپىنىنى سېلىپ، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرىغا چاپاننىڭ بىر بۇرجەگىدىن تۇتقۇزۇپ، ھەجەرۇلئەسۋەدنى چاپان ئۈستىگە قويۇپ كەئبەنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە ئېلىپ بېرىپ ئورناتقان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى قانائەت ھاسىل قىلىپ،

قان توكۇلۇش ئېھتىمالى بولغان بىر توقۇنۇشتىن ساقلانغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككە خەلقىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولغان، كەئبەنى قايتىدىن رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى قانائەتلىنەرلىك تاماملانغان.

ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادى 622 ـ يىلى ساھابىلەرنى باشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، مەدىنىدە ھوكۇمەت بىلەن دىن بىرلەشتۇرۇلگەن مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. مىلادى 628 ـ يىلى ئۇ ھەج قىلىشنىڭ ئىسلام دىنىدا پەرز ئىكەنلىكىنى جاكالىغان. مىلادى 630 ـ يىلى مەككە قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، كەئبە مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپ قىلىش مەركىزىگە ئايلانغان. قۇرەيشلەر ياسىغان كەئبە تا مىلادى 684 ـ يىلىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. كېيىنكى چاغلاردا، كەئبەگە بىرقانچە قېتىم ئوت كېتىپ ياكى ئۇنى سۇ بېسىپ كېتىپ، يەنە قايتىدىن رېمونت قىلىنغان، مىلادى 1630 ـ يىلى مەككىدە قارا يامغۇر يېغىپ، يامغۇر سۈيى كەئبەنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىش بىلەن، ئۇرۇلۇپ كېتەي دەپ قالغاندا، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى مۇرات IV (مىلادى 1622 — 1639 ـ يىللار) ئۇنى چېقىپ باشقىدىن سېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، شۇ چاغدا سېلىنغان كەئبە تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

كەئبە ئۇزۇنلۇغى 12 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئېگىزلىگى 15 مېتىر كېلىدىغان، قوڭۇر رەڭ تاشتىن ياسالغان ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلىغا ئېگىزلىگى 25 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئاق چىپار مەرمەر تاش ئورنىتىلغان. كەئبەنىڭ تۆت بۇرجىگى ئۆزى ئۇدۇل تۇرغان تەرەپلىرىگە قاراپ ئىراق بۇرجىگى، سۈرىيە بۇرجىگى، يەمەن بۇرجىگى ۋە ھەجرىلئەسۋەد بۇرجىگى (ھەجرىلئەسۋەد ئورنىتىلغانلىغى سەۋەبىدىن ئاشۇنداق ئاتالغان) دەپ ئاتىلىدۇ. كەئبەنىڭ ئىچىدە 3 تال چوڭ ياغاچ تۈۋرۈكتىن باشقا ھېچقانچە نەرسە يوق، ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن پانۇس ۋە بېغىشلىمىلار ئېسىپ قويۇلغان. ئاستىغا مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان؛ كەئبەنىڭ سىرتىغا ھەر يىلى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدىغان قارا كىمخاپ يوپۇق يېپىپ قويۇلغان. كەئبە ئۈستىگە يوپۇق يېپىپ قويۇش ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ، ھازىرمۇ كەئبەگە قارا يىپەك يوپۇق يېپىپ قويۇلغان، ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى يوپۇغى خورما دەرىخىنىڭ يوپۇرمىغى ياكى يىپەك توقۇلمىدىن قىلىنغان بولۇپ، ئۇ چاغدىكى يوپۇق رەڭ جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. كەئبەنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان قۇرەيشلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ھەر يىلى ھەج قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كەئبە ئۈستىدىكى يوپۇقنى ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە سېتىپ بېرەتتى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تارقاتقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار كەئبەنى ھەممىدىن مۇقەددەس جاي دەپ قاراپ، ئۇنى تازا نەپىس ئىشلەنگەن يىپەك يوپۇق بىلەن ئوراپ قويىدىغان بولغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كەئبەنى يېپىشقا يەمەننىڭ يوللۇق رەختىنى ئىشلەتكەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھەزرىتى ئوسمان مىسىرنىڭ چىگىدىن توقۇلغان رەختنى ئىشلەتكەن، ئۇلاردىن كېيىنكى پادىشالار بولسا كوركەم توقۇلغان تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئىشلەتكەن. ئۇمەۋىيە سۇلالىسى دەۋرىدە، دەمەشق ھەرقايسى خەلىپىنىڭ پايتەختى ئىدى،

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان خەلىپە بولغان چاغدىن تارتىپ، ئۇمەۋىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەلىپىلەرنىڭ ھەممىسى كەئبەگە ئەۋەتىلىدىغان يىپەك يوپۇقنى ئالدى بىلەن مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىدى ئىچىگە بىر كۈن ئېسىپ قويۇشنى ئادەت قىلغان؛ ئاباسىلار دەۋرىدە، ئىراقنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتى تازا تەرەققى تاپقان بولغاچقا، باغداتتىن كەئبەگە ھەر يىلى نەپىس ئىشلەنگەن يىپەك يوپۇق ئەۋەتىلىپ تۇرغان؛ فاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىسىر ئەينى چاغدا ئىسلام دىنىنىڭ سىياسى، مەدىنىيەت مەركىزى بولۇپ، ھەر يىلى قاھىرەدىن كەئبەگە نەپىس ئىشلەنگەن ئاق يىپەك يوپۇق (كېيىن قارا يوپۇق) ئەۋەتىلىپ تۇرغان. يىپەك يوپۇق مەخسۇس توگە مەپىسى بىلەن مەككىگە ئېلىپ بېرىلغان، ھەر نۆۋەت توگە مەپىسى يولغا چىققاندا، داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، خەلىپىنىڭ بىۋاستە باشچىلىقىدا داقا-دۇمباقلار بىلەن ئۇزىتىپ قويۇلغان؛ توگە مەپىسى مەككىگە يېتىپ بارغاندا، مەككىنىڭ باش ۋالىسى، قازى قۇززات قاتارلىق مۇلكى ۋە ھەربى ئەمەلدارلار ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. ھىجرىيە 13-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، مۇھەممەت ئەلى (مىلادى 1769 — 1849) مىسىرغا پادىشا بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلاردا، كەئبە ئۈچۈن تىكىلىدىغان يىپەك يوپۇققا كېتىدىغان چىقىمنىڭ ھەممىسىنى مىسىر ھوكۇمىتى ئۈستىگە ئېلىشنى قارار قىلغان. ھىجرىيە 1341-يىلى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى (مىلادى 1856 — 1931) مەككىگە باش ۋالى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلاردا مىسىر ھوكۇمىتى بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالغانلىقتىن، مىسىرنىڭ يىپەك يوپۇغىنى قوبۇل قىلىشنى توختىتىپ، تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل شەھرىدە ئىشلىتىدىغان بولغان. سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشالىقىنىڭ ئاساسچىسى شاھ ئابدۇلئەزىز (1880 — 1953) زامانىسىدا، ھەر يىلى ئىشلىتىلىدىغان يىپەك يوپۇقنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدە ئىشلىنىدىغانلىقى جاكالانغان، مىلادى 1927-يىلى مەككىدە مەخسۇس يىپەك يوپۇق ئىشلەيدىغان زاۋۇت سېلىنىپ، كەئبە ئۈچۈن يىپەك يوپۇق ئىشلەشكە قول بىلەن رەخت توقۇيدىغان ماشىنىدىن 12 سى ئىمپورت قىلىنغان، توقۇمىچىلىق، كەشتىچىلىك جەھەتتىكى مۇتەخەسسىس ۋە تېخنىك خادىملار تەكلىپ قىلىنغان. يىپەك يوپۇق ئالى يىپەك رەخت ۋە كىمخاپلاردىن ئىشلىنىپ، يۇقۇرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسىم دەپ 3 قىسىمغا بولۇنىدۇ، ئوتتۇرا قىسمى 16 پارچە يىپەك رەختنى ئۇلاپ ئىشلىگەن پۈتۈن بىر بەلۋاغ بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرى كالاۋتۇن بىلەن كەشتىلەپ چىقىرىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىكى كەئبەگە يېقىندىن بىر ئالتۇن ئىشىك ئورنىتىلدى، بۇ ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى 3.2 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇنلۇغى 7.5 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر كېلىدىغان يوپۇق تارتىپ قويۇلغان، يوپۇققا قۇرئان ئايەتلىرى كالاۋتۇن بىلەن تازا كوركەم، نەپىس قىلىپ كەشتىلەنگەن. ھەر يىلى ھەج مەزگىلىدە، پادىشا ۋەزىر ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى باشلاپ كەئبەنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ، كەئبە ئىچىدە كەئبەنى يۇيۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدۇ ۋە بۇ مۇراسىمغا چەتئەللەردىن ھەج قىلىشقا كەلگەن بەزى مۇھىم ئەرباپلار تەكلىپ قىلىنىدۇ، بۇ مۇراسىم تەنتەنىلىك، سۈرلۈك تۈس ئالغان بولىدۇ. 1956-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇدىرى بۇرھان شەھىدى جۇڭگو مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش ئۆمىگىنى باشلاپ ھەج قىلىشقا

بارغاندا، داغدۇغىلىق كەئبەنى يۇيۇش مۇراسىمغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان.

كەئبەنىڭ شەرق تەرىپىدە يەردىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە ساپ ئالتۇندىن قۇيۇپ ياسالغان (ئالتۇن بىلەن قاپلىغان دىگەن گەپمۇ بار) ئاجايىپ كوركەم ئىككى قاناتلىق ئىشىك بار. شەرقىي جەنۇپ بۇرجىكىدە، تامنىڭ يەردىن 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يېرىگە دىئامېترى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان، چورىسىگە كۇمۇش قاپلانغان ھەجرىلئەسۋەد ئورنىتىلغان، رىۋايەتتە ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن مېتېورىت تاش دىيىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى بىلەن كەئبەنى ياسىغاندا، ئەتراپتىكى ئەبى قۇبەيس تېغىدىن ئېلىپ كەلگەن تاش دەيدىغان رىۋايەتمۇ بار.

مىلادى 630-يىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى باشلاپ مەككىگە ھەج قىلىشقا كەلگەندە، كەئبەنى تاۋاپ قىلغان ۋە ھەجرىلئەسۋەدنى سويگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ھەجرىلئەسۋەدنى سىلاش ياكى سويۇش ھەر يىلى ھەج قىلىشقا كەلگۈچىلەر ئەمەل قىلىدىغان ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. بىراق، قۇرئان كېرىمدە ھەجرىلئەسۋەد تىلغا ئېلىنمىغان، ئىسلام دىنىدا، خۇددى 2-خەلىپە ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەج قىلىشقا كەلگەندە ھەجرىلئەسۋەدنى سويۇپ بولۇپ: ”مەن سېنىڭ ھەقىقەتەن زىيىنىڭمۇ يوق، پايدائىڭمۇ يوق تاش ئىكەنلىگىڭنى بىلىمەن، ئەگەر ئاللانىڭ ئەلچىسىنىڭ سېنى سويگەنلىگىنى كورمىگەن بولسام، ھەرگىز سېنى سويمىگەن بولاتتىم“ دىگەندەك، ھەجرىلئەسۋەدنى سىلاش ھەج قىلىش ئەمىلىدىكى نەفلە ئەمەل قىلىپ بەلگىلەنگەن.

زەمزەم بۇلىغى قەدىمي بۇلاق بولۇپ، بۇ بۇلاقنىڭ سۇيىدە مېنېرال ماددىلار بىرقەدەر كوپ، قاتتىق ئىسسىق ۋە قۇرغاقچىلىق بولىدىغان قۇملۇقتا ئاشۇنداق بىر بۇلاقنىڭ بولۇشى تولىمۇ تېپىلغۇسىز ياخشى ئىشتۇر. تارىختا زەمزەم سۇيى توغرىسىدا تۇرلۇك سىرلىق سوز-چوچەكلەر بولغان.

ماقامى ئىبراھىم ھەرەم مەسچىدى ئىچىدىكى مەشھۇر قەدىمي يادىكارلىق بولۇپ، ئۇ كەئبەنىڭ شەرقىغە جايلاشقان، ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئالدى تەرىپى قارا تاشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ توت تال تۈۋرۈك ئۇستىگە سېلىنغان گۇمبەزلىك كىچىك ھۇجرىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئەتراپى توت چاسا تۈچ رىشاتكا بىلەن قورشالغان.

ھەر يىلى ھەج مەزگىلىدە، ھەرخىل رەڭ ۋە ھەر خىل ئىرقتىكى مۇسۇلمانلار مۇقەددەس شەھەر مەككە مۇكەررەمەگە جەم بولۇپ كەئبەنى تاۋاپ قىلىدۇ، بۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەر يىلدا بىر قېتىم ئۇتكۇزۇلىدىغان چوڭ مەرىكىسىدۇر، ئۇلار ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئوزلىرىنىڭ ئاللاغا بولغان ئىززەت-ھورمىتى ۋە ئېتىقادىنى بىلدۇرىدۇ. مەيلى مەككە مۇكەررەمەدە بولامدۇ ياكى ئەرەفات تېغى ۋە ياكى منا تېغىدا بولامدۇ، ھەممىلا يەردە ئادەملەر توپى سەل بولۇپ ئاقىدۇ، 2 مىليوندىن ئارتۇق ھاجى بىرلا ۋاقىت ۋە بىرلا يەردە تەرتىپ بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ، قىرائەت قىلىدۇ، شۇنىڭدەك دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ.

# مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر مەسچىدى

پەيغەمبەر مەسچىدى سەئۇدى ئەرەبىستانى زىمىنىدىكى مەدىنە شەھىرى (مەككىدىن ئالاھەزەل 400 كىلومېتىر يىراقلىقتا)گە جايلاشقان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەسچىدىدۇر. بۇ مەسچىت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادى 622 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەدىنىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن سېلىنغان. دەسلەپتە، بۇ مەسچىت لاي، پاخال ۋە شاخ ـ شۇمبىلاردىن تولىمۇ ئاددى قىلىپ سېلىنغان؛ مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇغى ئاران 52.5 مېتىر، كەڭلىگى ئاران 45 مېتىر، تېمىنىڭ ئېگىزلىگى ئادەم بويىدەكلا بولۇپ، ئۇنىڭ خانىقاسىدا كېيىنكى دەۋرلەردە سېلىنغان مەسچىتلەردىكىدەك نەرسىلەر يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتلاردىكى مەدىنە ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەركىزى، پەيغەمبەر مەسچىدى سىياسى ھەم دىني مەركەز بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى يىللاردا بۇ مەسچىت ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ سېلىنغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان چاغدا، پەيغەمبەر مەسچىدىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلىپ 2 مىڭ 475 كۋادىرات مېتىرغا يەتكۈزۈلگەن. كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ھەزرىتى ئوسمان شۇنىڭدەك كېيىنكى خەلىپىلەر ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە بۇ مەسچىت ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ بارغان، مىلادى 778 ـ يىلى ئاباسىلارنىڭ 3 ـ خەلىپىسى مەھدى ۋە 1256 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى زاھىر بۇ مەسچىتنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كەڭرەك كولەمدە كېڭەيتىپ ياساتقان.

ھازىرقى پەيغەمبەر مەسچىدى مىلادى 1848 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلمەجىتنىڭ رىياسەتچىلىگىدە قايتىدىن ياسالغان بولۇپ، بۇ چاغدىكى قۇرۇلۇش 12 يىل داۋام قىلىپ، 1860 ـ يىلى پۈتكەن. مىلادى 1955 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھوكۇمىتى بۇ مەسچىتنى يەنە بىر قېتىم قايتا كېڭەيتىپ ياسىغان. بۇ مەسچىت ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك سېلىنغان بولۇپ، ئومۇمى دائىرىسى ئەسلىدىكى 10 مىڭ 303 كۋادىرات مېتىردىن كېڭەيتىلىپ 16 مىڭ 326 كۋادىرات مېتىرغا يەتكۈزۈلگەن؛ مەسچىت ئىچىگە 5 مۇنار ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېڭىدىن ياسالغان ئىككىسىنىڭ ئېگىزلىگى 70 مېتىر، ئۇلىنىڭ چوڭقۇرلۇغى 17 مېتىر؛ بۇ مەسچىتنىڭ بابى سالام، بابى رەھمەت، بابى مەجىد، بابى نىسا ۋە بابى جىبرىل دىگەن 5 دەرۋازىسى بار؛ كېڭەيتىپ سېلىنغاندىن كېيىنكى پەيغەمبەر مەسچىدىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تاملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 128 مېتىر، شىمالىي تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 91 مېتىر، مەسچىت خانىقاسى بىلەن پېشايۋانىنى 232 تال يۇمىلاق تۈۋرۈك، 474 تال توت چاسا تۈۋرۈك ۋە 689 ئەگمە ئىشىك تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، مەسچىت مەركىزىدە ئىككى مەيدان بار؛ پەيغەمبەر مەسچىدىنىڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان مۇنبىرى ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق بولۇپ، ئۇ، مىلادى 1589 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى مۇرات تەرىپىدىن ياسىتىلغان، مۇنبەرنىڭ جەمى 12 پەلەمپىيى بار، ئۇنىڭ 3 پەلەمپىيى مۇنبەر ئىشىگىنىڭ سىرتىدا، 9 پەلەمپىيى مۇنبەر ئىشىگىنىڭ ئىچىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھوكۇمىتى پەيغەمبەر مەسچىدىنى كېڭەيتىپ سېلىشقا غايەت زور ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى سەرپ قىلىپ، 55 مىليون رىيال خەجلىدى. يېڭىدىن سېلىنغان 9 دەرۋازىنى ئالىدىغان بولساق، ھەر بىر دەرۋازىسىنىڭ ئېگىزلىگى 6 مېتىر، كەڭلىگى 3.2 مېتىر

بولۇپ، بۇ دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسى تۇچ بىلەن قاپلانغان، ئاشۇ دەرۋازىلارنى قاپلاش ئۈچۈنلا 8 مىڭ كىلو تۇچ كەتكەن؛ يېڭىدىن سېلىنغان پېشايۋانلىرىنىڭ ئاستىغا ئاق مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان. پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ شەرقىي جەنۇپ بۇرجىكىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى بار، خەلىپە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ، شۇنىڭدەك بۇۋى پاتىمەنىڭ قەۋرىسىمۇ ئاشۇ مەسچىت ئىچىدە. پەيغەمبەر مەسچىدىنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام سالدۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيدۇ، ھەر يىلى مەككىگە ھەج قىلىشقا كەلگەنلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تولىسى ئۇ مەسچىتكە بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، تاۋاپ قىلىدۇ، شۇنىڭدەك مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدۇ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ.

## ئەقسا مەسچىدى

ئەقسا مەسچىدى پەلەستىنىنىڭ قۇددۇس (ئىرۇسالىم) شەھرىگە جايلاشقان. ئىسلام دىنىدىكى كەڭ مەنىگە ئىگە بولغان ئادەت سۆزى بويىچە، ئەقسا مەسچىدى دېگەندە، ئەقسا مەسچىدى، سەخرە مەسچىدى ۋە مەسچىت ئەتراپىدىكى مەيدان، ئىمارەت قاتارلىق مەسچىت تاملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پاكىز مۇقەددەس جاي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەقسا مەسچىدى ئىسلام دىنىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجىغا چىققانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت بىلەن زىچ باغلىنىشلىق جاي بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈز كەلتۈرگەن جاي بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ.①

مىلادى 636 ـ يىلى خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇددۇسقا كېلىپ، قۇددۇس ئاھالىسى بىلەن مەشھۇر "ئۆمەر كېلىشىمى"نى تۈزگەن، كېلىشىمدە قۇددۇس شەھرىنىڭ ئىسلام دىنى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇددۇس ئاھالىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى ۋە چېركاۋ، مەسچىتلىرىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. كېيىن، ئۇمەۋىيە سۇلالىسى دەۋرىدە، سەخرە مەسچىدى سېلىنغان، ئەقسا مەسچىدى قايتىدىن رېمونت قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇھىملىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ مەسچىدىگە ئايلانغان.

ئەقسا مەسچىدى قۇددۇسنىڭ كونا شەھرىنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىگە جايلاشقان. ئەقسا مەسچىدى ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن دەۋرلەردە، ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ۋەلىد تەرىپىدىن مىلادى 705 ــ 709 ـ يىللىرى سېلىنغان. بۇ مەسچىت كارامەت ھەيۋەتلىك سېلىنغان بولۇپ، خانىقاسىنىڭ ئېگىزلىكى 88 مېتىر، كەڭلىكى 35 مېتىر، خانىقا ئىچىدە مەرمەر تاشتىن ياسالغان يۇمىلاق تۈۋرۈكتىن 53 ى، چاسا تۈۋرۈكتىن 49 ى بار. ئېيتىلىشىچە، خەلىپە ئۆمەر ساھابىلەرنى باشلاپ ناماز ئوقۇغان جاي ـ ئۆمەر مەسچىدىنىڭ

① ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋەھىيگە بىنائەن قىبلىنى ئۆزگەرتكەن (قۇرئان كەرىم، 2 ـ سۈرە، 144 ـ ئايەتكە قاراڭ). ئىلگىرى، مۇسۇلمانلار 14 يىلغىچە ئەقسا مەسچىدىگە يۈز كەلتۈرگەن.

خارابىلىرى ئەقسا مەسچىدىنىڭ شەرق تەرىپىگىرەك توغرا كېلىدۇ. مىلادى 1099 - يىلى ئەھلى سەلىب قۇددۇس شەھرىنى بېسىۋالغاندا، ئەقسا مەسچىدىنىڭ بىر قىسمىنى چېركاۋ قىلغان، يەنە بىر قىسمىنى بوتخانا ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ گازارمىسى، قورال - ياراق ئىسكىلاتى قىلغان. كېيىن ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى سالاھىدىن ئايۇپ مىلادى 1187 - يىلى (ھىجرىيە 583 - يىلى) قۇددۇس شەھرىنى ئەھلى سەلىب قولىدىن قايتۇرۇۋالغان، بۇ دەل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىئراجغا چىققان كۈن) ئىدى، سالاھىدىن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، دەرھال ئەقسا مەسچىدىنى قايتا رېمونت قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، خانىقا ئىچىدىكى مىھراپنى باشقىدىن ياسىتىپ، ئۇنىڭغا رەڭلىك تاشلارنى قويغۇزغان ھەمدە گۈمبەزنى رېمونت قىلدۇرۇپ، زىننەتلەشتۈرگەن بىر ياغاچ مۇنبەر ئورناتقان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئەقسا مەسچىدى يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئۇنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىغان، مىلادى 1948 - يىلى ئەرەپ - ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ئىسرائىلىيە دائىرىلىرى جاھانگىرلىكنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا قۇددۇس شەھرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئەقسا مەسچىدى ئەتراپىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئارقا - ئارقىدىن بۇزۇپ تاشلىدى، ھەممىدىن ئېغىر بولغىنى شۇكى، 1969 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەقسا مەسچىدىنىڭ بىر قىسىم قۇرۇلۇشى جۈملىدىن قىممەتلىك تارىخىي مەدىنى يادىكارلىق بولغان مۇنبەرمۇ كويدۇرۇپ تاشلاندى، نەتىجىدە بۇ مەسچىت غايەت زور بۇزغۇنچىلىق ۋە زىيانغا ئۇچراپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىپ، ئۇلاردا ئىسرائىلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا نىسبەتەن چەكسىز ئۆچمەنلىك قوزغالدى.

سەخرە مەسچىدى ئەقسا مەسچىدىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى مەسچىتنى مەشھۇر "بۇراق" تاش تېمى ئايرىپ تۇرىدۇ. "سەخرە" ("تۈۋرۈك تاش" دىگەن مەنىدە) دىگەن ئىسىم، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىئراجغا چىققاندا دەسسىگەن بىر مۇقەددەس تاشنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن ئىكەن. بۇ مەسچىت مىلادى 685 - يىلى - ئەقسا مەسچىدى قايتا سېلىنغان چاغدىن بۇرۇنراق سېلىنىشقا باشلىغان. سەخرە مەسچىدى 8 بۇرجەك بولۇپ، ھەر بىر بۇرجىكىنىڭ كەڭلىگى 205 مېتىر، ئېگىزلىگى 9.5 مېتىر بولۇپ، مەسچىت پۈتۈنلەي تاشتىن قوپۇرۇلغاچقا "تاش مەسچىت" دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ مەسچىتنىڭ گەۋدىلىك يېرى ئۇنىڭ چوڭ گۈمبىزى بولۇپ، گۈمبەزنى بىر قاتار چوڭ چاسا تۈۋرۈك ۋە يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر كوتىرىپ تۇرىدۇ، گۈمبەزگە ۋە مەسچىتنىڭ پېشايۋانلىرىغا رەڭلىك فار - فۇر خىشلار ئورنىتىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭلىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن، قۇرئان ئايەتلىرى چىرايلىق قىلىپ ئويۇلغان؛ مۇقەددەس "سەخرە" تېشى چوڭ گۈمبەز ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇغى 17.7 مېتىر، كەڭلىگى 13.5 مېتىر، ئېگىزلىگى 1.2 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مەسچىت سۇرىيە، رىم ۋە ۋىزانتىيىلەرنىڭ ئومۇمى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى كورسىتىپ بېرىدۇ، تارىخشۇناسلار ئۇنىڭ ھەممىدىن ھەشەمەتلىك ۋە كوركەم قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى، تارىختىن قېپقالغان مەشھۇر قەدىمىي يادىكارلىق ئىكەنلىگىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

# دۇنيا ئىسلام كېڭىشىنىڭ باش كاتىۋى ئىنئامۇللاخان جۇڭگونى زىيارەت قىلدى

دۇنيا ئىسلام كېڭىشىنىڭ باش كاتىۋى
ئىنئامۇللاخان ئەر ـ خوتۇن ۋە مەزكۇر كېڭەش
پاكىستان شۆبىسىنىڭ باش كاتىۋى نارا سەپدار
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن
6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭ،
ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە شاڭخەي قاتارلىق جاي-
لارنى زىيارەت قىلىپ، ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ
قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا
ئېرىشتى.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى ئۇلەنفۇ مېھمانلار بىلەن خەلق
سارىيىدا كۆرۈشتى ھەمدە سەمىمىي، دوستانە
سۆھبەتلەشتى. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چياۋلىيەنشېڭ، تاشقى
ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى خەن
نيەنلۇڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى قىدىرباي ۋە شاڭخەي شەھەر-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى شى پىڭ قاتارلىقلار ئايرىم-
ئايرىم ھالدا مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

ئىنئامۇللاخان قاتارلىق مېھمانلار جۇڭگو-
دا بولغان مەزگىلىدە ھەرقايسى جايلاردىكى
مەسچىتلەر، مىللىي مەكتەپلەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ
ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئېكسكۇرسىيە
قىلدى، ئېلىمىزدە ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى،
خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلار
بىلەن تەپسىلىي تونۇشتى. ئىنئامۇللاخان
ئېلىمىزدە دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنىڭ
يولغا قويۇلغانلىقىغا، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھەر مىللەت
مۇسۇلمانلىرىغا ھەر جەھەتتىن ئېتىۋار بېرىۋات-
قانلىقىغا، بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقاتنىڭ قانۇن
تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقانلىقىغا مەمنۇن بولدى
ھەم ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ مىللىي مەكتەپلەرنى
زىيارەت قىلغان چاغلىرىدا مەدەنىيەت،
ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلە-
دى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”مۇسۇلمانلار دىنىي
ساۋاتلارنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، تېخىمۇ
مۇھىمى گۈللەنگەن ۋە بەخت ـ سائادەتلىك
تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-
پەن بىلىملىرىنى ئىگەللىشى كېرەك.“ مېھ-
مانلار ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار،
ئاخۇنلار ۋە موللىلار بىلەن قېرىنداشلارچە
كۆرۈشتى ۋە سەمىمىي ھالدا قىزغىن سۆزلەشتى،
ھەرقايسى تەرەپ ئۆز ئېلىدىكى ئىسلام دىنى
ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى،
بۇ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا،
جۇڭگو ـ پاكىستان خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى كۈ-
چەيتىشتە خېلى ياخشى ئۈنۈم بەردى. مېھمانلار
يەنە بەزى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچى-
قىرىش ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى،
مەشھۇر يادىكارلىقلارنى سەيلە قىلدى. ئىنئامۇل-
لاخان خوشلىشىپ ئۆز ئېلىگە قايتىش ئالدىدا:
پاكىستان بىلەن جۇڭگو ھەم دوست، ھەم،
قېرىنداش، پاكىستان ئۆزىنىڭ جۇڭگو بىلەن
بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىدىن پەخىرلىنىدۇ.
پاكىستان مەڭگۈ جۇڭگونىڭ ئىشەنچلىك
دوستى بولۇپ قالىدۇ، دېدى.

(ۋاڭ سۇڭ)

# نىگېر ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، نىگېر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئۇمەر سومرە باشچىلىقىدىكى نىگېر ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى (3 كىشى) 8-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولدى.

بۇ مەزگىلدە، ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭ، شاڭخەي، شىئەن، خاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى؛ زاۋۇت ۋە يېزىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، مەشھۇر قەدىمىي ئاسارە-ئەتىقە ۋە يادىكارلىقلارنى سەيلە قىلدى، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇدى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

8-ئاينىڭ 29-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭرېن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى. ياڭ جىڭرېن ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە: جۇڭگومۇ، نىگېرمۇ 3-دۇنياغا تەۋە ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەت بولۇپ، كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە؛ بىز 2 مەملىكەت خەلقى ھەرقايسىمىز ئۆز ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈۋاتىمىز، بىز ئۆزئارا ياردەملىشىۋاتىمىز ۋە ئۆزئارا قوللىشىۋاتىمىز، دېدى. ئۆمەك باشلىقى ئۇمەر سومرە: "بىز بۇرۇندىنلا جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتۈپ كەلگەن ئىدۇق، بىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇق ھەمدە بۇ خەۋەرنى رەئىس كۆكچېغا يەتكۈزدۇق. رەئىس كۆكچې بىزگە ئۆزىنىڭ جۇڭگو رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىغا بولغان سالامى ۋە تەشەككۈرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپشۇردى" دېدى.

كۆرۈشۈش ۋاقتىدا يەنە گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چياۋ لىيەنشېڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ما سۇڭتىڭ ۋە ما شيەنلەر بىللە بولدى.

زىيارەت مەزگىلىدە، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چياۋ لىيەنشېڭ زىياپەت بېرىپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى مىللىي، دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئۇلارغا زىياپەت بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى زىيارەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياقلاشتۇرۇپ ئۆز ئېلىگە قايتتى.

(دىڭ ۋېن)

گېزىت خەۋىرى

# ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ مۇسۇلمانلار گوش توڭلىتىش ئامبىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى

## ـــ ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن بېيجىڭ شەھىرىنىڭ كالا ـ قوي گوشى بىلەن تەمىنلەش ئىشى ياخشىلىنىدۇ

«بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ 1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە سېلىنغان مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ مۇسۇلمانلار گوش توڭلىتىش ئامبىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى يېقىندا پۈتتى، بۇ ئامبار يېقىندا ئىشلىتىلمەكچى.

مەخسۇس كالا ـ قوي گوشى ساقلىنىدىغان بۇ ئامبار جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى رايونى داخۇڭمېندىكى بېيجىڭ شەھەرلىك كالا ـ قوي گوشنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىرلەشمە زاۋۇتىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 43.22 مېتىر، قۇرۇلۇش كولىمى 20 مىڭ 51 كۇۋادرات مېتىر، لايىھەدىكى سىغىمچانلىقى 15 مىڭ توننا كېلىدۇ.

بېيجىڭ شەھىرىدە ئىلگىرى مۇسۇلمانلار گوش توڭلىتىش ئامبىرى يوق بولۇپ، سىرتتىن يوتكەپ كېلىنگەن ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك كالا ـ قوي گوشنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىرلەشمە زاۋۇتىدا سويۇلغان كالا ـ قوي گوشلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۇنۋېرسال ئامباردا ساقلىناتتى، بىر قىسمىنى خېبېي ۋە شەندۇڭ قاتارلىق قېرىنداش ئۆلكىلەردىكى گوش توڭلىتىش ئامبارلىرى ساقلاپ بېرەتتى، بىر قىسىم گوش قىش كۈنلىرى تالادىلا ساقلىناتتى. نەتىجىدە گوشنىڭ تەنىنەرقىمۇ ئۆرلەپ كېتەتتى، ئۇنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشمۇ تەس بولاتتى. بۇ توڭلىتىش ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىشى ئارقىسىدا، بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلار گوش يېيىشتە تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ كالا ۋە قوي گوشىنى سوغاق ساقلاش ئىقتىدارى ئۇستۇرۇلۇپ، گوش بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي ئۇنۇم ۋە گوشىنىڭ سۈپىتى ئۇستۇرۇلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، توڭلىتىش ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم ئۆچەي ـ قېرىنلارنى ساقلاپ، بېيجىڭ شەھىرىدە يەرلىك ئالاھىدە يېمەكلىكلەرنى كۆپەيتىشتە زۆرۈر بولغان ئۆچەي ـ قېرىنلار بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولىدۇ.


بۇ قۇرۇلۇش 1981 ـ يىل 4 ـ ئايدا رەسمىي باشلانغان. ئۇ بېيجىڭ شەھەرلىك قۇرۇلۇش ـ لايىھىلەش ئىدارىسى تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن، قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇسكۈنە ـ جابدۇقلارنى قۇراشتۇرۇش ئىشلىرىنى دولەت قۇرۇلۇش كومىتېتى بىرىنچى ئىدارىسىنىڭ ئىككىنچى شىركىتى، قۇراشتۇرۇش شىركىتى ۋە ماتېرىياللار شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ بارغان.




مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت
كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭ-
رېن نىگېر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.
(سۈرەتنى چېن جىنخۇي تارتقان)



جۇڭگو مۇسۇلمانلار دوستلۇق
ئۆمىكى مالايشىيا ئىسلام پاراۋانلىق
ئىشلىرى ئورگىنىنىڭ رەئىسى دۇنگ.
ئا. راخماننىڭ تەكلىۋى بىلەن، 1983 ـ
يىل 5 ـ ، 6 ـ ئايلاردا مالايشىيانى
زىيارەت قىلدى. سۈرەتتە ئۆمەك
باشلىقى شېن شياشى دۇنگ ئەپەندىگە
سوغا تەقدىم قىلماقتا.
(سۈرەتنى ماشەنيى ئەۋەتكەن)



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى ئابدۇللا. رەھىم ماسۇڭتىڭ
زىيارەتكە كەلگەن دۇنيا ئىسلام
كېڭەشىنىڭ باش كاتىۋى ئىنئامۇللا-
خانغا قۇرئان كېرىمنى سوغا قىلماقتا.
(سۈرەتنى چېن جىنخۇي تارتقان)



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى
1983 ـ يىللىق جۇڭگو مۇسۇلمانلار ھەج
قىلىش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن سۈرەتكە
چۈشتى.
(سۈرەتنى كەي فىڭ تارتقان)

بۇ ژورنالنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىگىنى خوجائابدۇللا ئوسمان، ئوسمان موللەك، تۇرغۇنجان سۇلتان، ماشگرىن ئىشلىدى

中国穆斯林（维吾尔文版）1984年 **第1期**（总14期）　جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1984 - يىل 1 - سان

**出版：** 中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横西街103号

نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بولۇمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجيې كوچىسى 103 - قورا)

**印刷：** 民族印刷厂

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى

**制版：** 北京市制版厂

**订购发行：** 北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横西街103号

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجيې كوچىسى 103 - قورا)

北京市期刊登记证第837号　·公开发行·　**每册定价：0.30元**